ئاساسلىق گرامماتىكىلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن نورمال پايدىلىنالايدىغان، ئىنگلىزچە ئالاقە قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولالايدۇ.

زامانىمىزدىكى رەھىمسىز رىقابەت، كومپيۇتېر، سودا ـ ئالاقە، چەت ئەلگە چىقىش قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل قىزىقىش، ئېھتىياجلار سىزگە بۇ يولنى ــ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى تاللاتقۇزغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەلۋەتتە، سىز بۇ يولنى تاللاپ توغرا قىلدىڭىز. بۇ كىتاب ئەنە شۇ يولدا مېڭىپ توغرا قىلغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

قېنى سىناپ كۆرۈڭ!

سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2000 ـ يىل 8 ـ ئاي

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئۈرۈمچى زەرەپشان كەسپىي چەكلىك شىركىتى ئالاھىدە ياردەم بەردى



## مۇندەرىجە

بىرىنچى دەرس Lesson One ........................ 1
فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [i:][e]
ئۈزۈك تاۋۇش: [p][b][t][d][m][n]
ھەرپلەر Ee Pp Bb Tt Dd Mm Nn
ئىككىنچى دەدرس Lesson Two ........................ 7
فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [ei][æ][ə]
ئۈزۈك تاۋۇش: [s][z][ts][dz][l]
بوغۇم ۋە سۆز ئۇرغۇسى
ھەرپلەر Aa Cc Ll Ss
ئۈچىنچى دەرس Lesson Three ........................ 15
فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [i] [ai]
ئۈزۈك تاۋۇش: [k] [g] [θ] [ð] [tʃ] [dʒ]
تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە
پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە
ھەرپلەر Gg Hh Ii Jj Kk
ئوقۇش قائىدىسى ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇمi، e، a لارنىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى
تۆتىنچى دەرس Lesson Four ........................ 23
فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [ɑ:] [ɔ] [əu]
ئۈزۈك تاۋۇش: [f] [v] [w] [j] [r] [h]
ھەرپلەر Ff Oo Rr Vv Yy
ئوقۇش قائىدىسى o نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى
بەشىنچى دەرس Lesson Five ........................ 32
فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش [u] [u:] [ʌ]

www.uyghurkitap.com


ئۈزۈك تاۋۇش [ʒ][ʃ][ŋ]

سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

دىماغ ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

ھەرپلەر Qq Uu Ww Xx Zz

ئېلىپبە جەدۋىلى

ئوقۇش قائىدىسى u نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

گرامماتىكا كىشىلىك ئالماش be پېئىلىنىڭ كىشىلىك ئالماشتىكى ئۆزگىرىشى (1)

ئالتىنچى دەرس Lesson Six ........................ 43

تېكىست An English Lesson

فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش [au] [ɔ:]

تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قوشۇپ ئوقۇش

گرامماتىكا 1. كىشىلىك ئالماشنىڭ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش شەكلى. 2. بۇيرۇق جۈملە

يەتتىنچى دەرس Lesson Seven ........................ 53

تېكىست An English Family

فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [ɔi] [ə:]

ئۈزۈك تاۋۇش: [dr] [tr]

تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

جۈملىدىكى سۆز ئۇرغۇسى

ئوقۇش قائىدىسى "r" لىق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى

سەككىزىنچى دەرس Lesson Eight ........................ 66

تېكىست Our Classroom

فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش: [uə][ɛə][iə]

ئىنتوناتسىيە: تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى

گرامماتىكا باشلىغۇچى سۆز there نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە

ئىگىلىك ئالماش

توققۇزىنچى دەرس Lesson Nine ........................ 76

تېكىست Freshmen

فونېتىكا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرى

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەكرارلىنىشى

گرامماتىكا 1. ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى 2. ساناق سان 20 — 1

ئونىنچى دەرس Lesson Ten ........................ 87

تېكىست Turpan

فونېتىكا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرى

گرامماتىكا ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئون بىرىنچى دەرس Lesson Eleven ........................ 99

تېكىست The Days of the Week

فونېتىكا تاۋۇشلارنى ئوقۇش قائىدىلىرى

گرامماتىكا 1. ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىشى

2. have پېئىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئون ئىككىنچى دەرس Lesson Twelve ........................ 115

تېكىست The Seasons

دىئالوگ Weather

گرامماتىكا 1. ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل

2. ئادەتتىكى ھازىرقى زامان

3. ئادەتتىكى سوراق جۈملە

فونېتىكا ئادەتتىكى سوراق جۈملە ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى

ئون ئۈچىنچى دەرس Lesson Thirteen ........ [illegible]

تېكىست A Bookcase Speaks
گىراماتىكا 1. ئالاھىدە سوراق جۈملە 2. جۈملە تۈرلىرى
3. شەخسسىز It
فونېتىكا ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى
ئون تۆتىنچى دەرس Lesson Fourteen ............ 146
دىئالوگ An Outing
گىراماتىكا 1. ئىزچىل ھازىرقى زامان 2. پېئىلنىڭ
تۇراقسىز شەكلى be+going+to نىڭ
ئىشلىتىلىشى 3. ساناق سان
فونېتىكا 1. قوشۇپ ئوقۇش
2. سىنتاگما
..........................................
ئون بەشىنچى دەرس Lesson Fifteen .............. 166
تېكىست Let's Learn English
دىئالوگ At a Bus-stop
گىراماتىكا 1. تاللانما سوراق جۈملە
2. تۇسلۇق پېئىل can, may, must .3
ئىسىمنىڭ تۈرلىرى
فونېتىكا 1. تاللانما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى
2. قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش
قائىدىسى
ئون ئالتىنچى دەرس Lesson Sixteen .............. 183
تېكىست An Announcement
دىئالوگ Our Plan For Tomorrow
گىراماتىكا 1. ئادەتتىكى كەلگۈسى زامان
2. ئارتىكل
فونېتىكا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش
قائىدىسى
ئون يەتتىنچى دەرس Lesson Seventeen ........... 202
تېكىست The Two Friends and the Bear



دىئالوگ Homework For Today
گىراماتىكا 1. قايتۇرما سوراق جۈملە
2. دەرىجە سان
3. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ
سىنتاكسىسلىق رولى
فونېتىكا قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى
ئون سەككىزىنچى دەرس Lesson Eighteen ......... 220
تېكىست How Did You Lose Your Way There?
دىئالوگ After the Test
گىراماتىكا 1. ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان
2. ئېنىقسىز ئالماش Some, any, no
قاتارلىقلار
فونېتىكا تۆۋەنلىگەن ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە-
دىن قىسقىچە خۇلاسە.
قوشۇمچە I : سانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ................... 240
قوشۇمچە II : سۆزلۈك .................................. 247

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# Lesson One بىرىنچى دەرس

فونېتىكا: سوزۇق تاۋۇش: [i:][e]
ئۈزۈك تاۋۇش: [p][b][t][d][m][n]
ھەرپلەر: Ee Pp Bb Tt Dd Mm Nn

## PHONETICS



سوزۇق تاۋۇش [i:]
تىل ئالدى، ئېگىز، لەۋلەشمىگەن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىگە تىرىلىپ، تىل ئالدى قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ سەل كۆتۈرۈلىدۇ.

2. لەۋلەر ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ ياپىلاق شەكىلگە كېلىدۇ.

ئىزاھات: «:» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنىڭ بەلگىسى.



i e
p b t d m n

بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، ئادەتتە ئۆزى بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشقا قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئۇزۇن ئوقۇلىدۇ.

[i:] [i:] [i:] [i:]



**سوزۇق تاۋۇش [e]**

تىل ئالدى، سەل ئېچىز، لەۋلەشمىگەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىگە تىرىلىپ، تىل ئالدى قىسمى سەل كۆتۈرۈلۈپ [i:] دىن تۆۋەنرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

2. لەۋلەر ياپىلاق شەكىلگە كېلىپ، ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى [i:] دىن كەڭرەك بولىدۇ. يۇقىرىقى چىش بىلەن تۆۋەنكى چىشنىڭ ئارىلىقىغا بىر بىگىز قولنىڭ ئۇچى سىغىدۇ.

[e] [e] [e] [e]



**ئۈزۈك تاۋۇش [b] [p]**

قوش لەۋ، پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش.

1. لەۋلەر چىڭ يۇمۇلۇپ، ئارقىدىنلا تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

2. [p] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. [b] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

[p] [b] [p] [b]



[pi:] [bi:] [pe] [be]



**ئۈزۈك تاۋۇش [d] [t]**

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە چىڭ تىرىلىپ، توسالغۇ ھاسىل قىلىنىپ، ئارقىدىنلا تىل ئۇچى تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

2. [t] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، [d] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.

[t][d][t][d]
[ti:][i:t][di:][et]
[ed][pet][ded][bi:d]



**ئۈزۈك تاۋۇش [m]**

قوش لەۋ، دىماغ ئۈزۈك تاۋۇش

1. لەۋلەر چىڭ يۇمۇلۇپ، يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەنلەپ ھاۋا ئېقىمى دىماغ بوشلۇقىدىن چىقىدۇ.

2. سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە سەل ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

[m][m][m][m]
[mi:][mi:t][bi:m][met]

www.uyghurkitap.com

[em][ti:m][dem][meb]

## ئۇزۇك تاۋۇش [n]



تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، دىماغ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۇستۇنكى چىش مىلىكىگە تىرىلىپ، توسالغۇ شەكىللىنىپ، يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەنلەپ هاۋا ئېقىمى دىماغ بوشلۇقىدىن چىقىدۇ.

2. سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە سەل ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ تاۋۇشنىڭ چۇشۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

[n][n][n][n]
[ten][ni:t][di:n][net]
[pi:n][ben][pen][ned]

### هەرپلەر

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| N | M | D | T | B | P | E | چوڭ | باسما شەكلى |
| n | m | d | t | b | p | e | كىچىك | |
| *N* | *M* | *D* | *T* | *B* | *P* | *E* | چوڭ | يازما شەكلى |
| *n* | *m* | *d* | *t* | *b* | *p* | *e* | كىچىك | |
| [en] | [em] | [di:] | [ti:] | [bi:] | [pi:] | [i:] | هەرپ نامى | |



## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار هەم يادلاڭلار:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| be | [bi:] | بولسا | ten | [ten] | ئون |
| teem | [ti:m] | تولماق | bed | [bed] | كارىۋات |
| me | [mi:] | مېنى | men | [men] | ئەرلەر |

2. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار:

| [i:] | [e] |
|---|---|
| i:t | et |
| mi:t | met |
| pi:t | pet |
| ni:t | net |
| bi:d | bed |

| [p] | [b] |
|---|---|
| pi:t | bi:t |
| pet | bet |
| pen | ben |

| [t] | [d] |
|---|---|
| ti: | di: |
| ten | den |
| det | ded |

| [m] | [n] |
|---|---|
| mi:t | ni:t |
| met | net |
| bi:m | bi:n |
| ti:m | ti:n |

3 . تـۆۋەنـدىـكـى تاۋۇش ۋە ھەرپلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

1 . تاۋۇشلار: [iː][e][p][b][t][d][m][n]

2 . ھەرپلەر ۋە سۆزلەر:

Ee Pp Bb Tt

Dd Mm Nn

be ten teem

bed me men

4 . تـۆۋەنـدىـكـى ھـەرپـلـەرنـى ۋە سـۆزلـەرنـىـڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى تونۇپ ئوقۇڭلار:

bd mn pb ed td
BD ET DP BM NT
ben pet meet bed pen



# Lesson Two ئىككىنچى دەرس

فونېتىكا: سوزۇق تاۋۇش: [ei][æ][ə]
ئۈزۈك تاۋۇش: [s][z][ts][dz][l]
بوغۇم ۋە سۆز ئۇرغۇسى
ھەرپلەر: Aa Cc Ll Ss

a
lamp
bell
bells
Pesant

| | |
|---|---|
| a lamp | lamps |
| a bell | bells |
| a name | names |
| a peasant | peasants |

## NEW WORDS

| | | |
|---|---|---|
| a | [ei], [ə] | بىر دانە |
| lamp | [læmp] | لامپۇچكا |
| lamps | [læmps] | لامپۇچكىلار |
| bell | [bel] | قوڭغۇراق |
| bells | [belz] | قوڭغۇراقلار |
| name | [neim] | ئىسىم |
| names | [neimz] | ئىسىملار |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| peasant | ['pezənt] | دېهقان |
| peasants | ['pezənts] | دېهقانلار |

## PHONETICS

## قوش سوزۇق تاۋۇش

ئىنگلىز تىلىدىكى قوش سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. قوش سوزۇق تاۋۇش ئىككى سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپىدۇ، تەلەپپۇز قىلغاندا بىر سوزۇق تاۋۇشتىن يەنە بىر سوزۇق تاۋۇشقا سىيرىلىدۇ، تەلەپپۇز قىلىش جەريانىدا ئېغىز شەكلى ئۆزگىرىدۇ.

2. قوش سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى قاتتىقراق ھەم ئېنىقراق ئوقۇلىدۇ، كېيىنكىسى يېنىكرەك ھەم مۇجمەلرەك ئوقۇلىدۇ.

3. ئالدىنقىسى ئۇزۇنراق، كېيىنكىسى قىسقىراق ئوقۇلىدۇ.

### قوش سوزۇق تاۋۇش [ei]



1. ئېغىز شەكلى [e] دىن [i] غا قاراپ سىيرىلىدۇ. [i] بولسا [i:] نىڭ ماسلىشىپ كەلگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشى. تىل ئورنىنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشى [i:] بىلەن [e] نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

2. تەلەپپۇز قىلغاندا ئاستى تاڭلاي ئۈستىگە قاراپ يۆمۈلىدۇ، تىل ئورنىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.



[ei] [ei] [ei] [ei]
[eit] [dei] [beit] [dein]
[neim] [pein] [nei] [meid]

### سوزۇق تاۋۇش [æ]



تىل ئالدى، تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى تۆۋەن چىش مىلىكىگە تىرىلىدۇ.

2. لەۋلەر ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ، ياپىلاق شەكىلگە كېلىدۇ. ئۈستۈنكى چىش بىلەن ئاستىنقى چىشنىڭ ئارىلىقىغا بىر بېگىز قول بىلەن ئوتتۇرا قولنىڭ ئۇچى سىغىدۇ.

[æ] [æ] [æ] [æ]
[æm] [bæt] [tæn] [næb]
[æd] [pæt] [mæp] [bæd]

### سوزۇق تاۋۇش [ə]



تىل ئارا، سەل تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل تەبىئىي ھالەتتە تۇز تۇرىدۇ، تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىدىن سەل نېرىراق تۇرىدۇ.

2. تىل يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى تىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

[ə] [ə] [ə] [ə]

[ə'mæp] [ə'neim] [ə'bed] ['pepə]
['mætə] ['bæntə] ['deitə] ['næpə]



## ئۇزۇك تاۋۇش [s] [z]

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىدۇ، هاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى بىلەن چىش مىلىكى ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [s] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [z] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

[s……z……s……z……]

[si:] [zi:] [sæd] [zest]
[set] [zet] [si:z] [mes]



## ئۇزۇك تاۋۇش [ts] [dz]

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، پارتلىغۇچى، سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە تىرىلىپ هاۋا ئېقىمىنى توسۇۋالىدۇ، ئاندىن تىل ئۇچى سەل تۆۋەنلەپ هاۋا ئېقىمى سىيرىلىپ، پارتلاپ چىقىدۇ.

2. [ts] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [dz] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

[ts……dz……ts……dz……]



[bets] [bedz] [ænts] [pædz]
[stændz] [deits] [bi:dz] [meits]



## ئۇزۇك تاۋۇش [l]

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، قوۋۇز ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىگە چىڭ تىرىلىپ هاۋا ئېقىمى تىلنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [l] ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرى ئېنىق [l]، يەنە بىرى مۇجمەل[ɫ].

ئېنىق [l] نى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئالدى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ، ئېنىق [l] سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

[l] [l] [l] [l]
[læm] [lænd] [li:n] [li:z]
[lend] [læmp] ['lesn] ['leitə]

مۇجمەل [ɫ] نى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئالدى قىسمى تۆۋەنلەپ، تىل ئارقا قىسمى سەل كۆتۈرۈلىدۇ، تىل يۈزى ئوقۇر شەكلىدە بولىدۇ. مۇجمەل [ɫ] ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا كېلىدۇ.

ئىزاهات: بۇ تاۋۇشنى ئايرىم يازغاندا ئېنىق [l] دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن [ɫ] قىلىپ يېزىلىدۇ.

[……ɫ……ɫ……ɫ……]

[el] [mi:l] [peil] [tel]

[melt] [neild] ['sæmpl] ['eibl]

## بوغۇم ۋە سۆز ئۇرغۇسى

**بوغۇم:** بوغۇم دېگىنىمىز، سۆزلىگەن چاغدىكى تەبىئىي بۆلۈنۈپ تۇرغان ئەڭ كىچىك بىرلىكتۇر، بوغۇم ئادەتتە بىر سوزۇق تاۋۇش، بىر ياكى بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ تۈزۈلىدۇ، لېكىن يەككە بىر سوزۇق تاۋۇشمۇ بىر بوغۇم ھاسىل قىلالايدۇ. بەزى جاراڭلىقراق ئوقۇلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار [l]، [n]، [m] لەر كەينىدە سوزۇق تاۋۇش بولمىغان ھالەتتىمۇ، ئالدىنقى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ بىر بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، [ə][bi:][pet] [læmp] لارنىڭ ھەربىرى بىر بوغۇمنى، ['pepə]['mætə] ['teibl]['lesn] لارنىڭ ھەربىرى ئىككى بوغۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سۆزلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان بوغۇمنىڭ سانىغا قاراپ تاق بوغۇملۇق سۆز، قوش بوغۇملۇق سۆز ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە بۆلۈنىدۇ (ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بوغۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزنى كۆپ بوغۇملۇق سۆز دەپ ئاتايمىز).

**سۆز ئۇرغۇسى:** قوش بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە مەلۇم بىر بوغۇم باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا، قاتتىقراق ۋە كۈچلۈكرەك ئوقۇلىدۇ (باشقا بوغۇملار نىسبەتەن يېنىك ۋە ئاجىز ئوقۇلىدۇ). بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە سۆز ئۇرغۇسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز ئۇرغۇسىنىڭ ئۇرغۇ بەلگىسى «'» بىلەن ئىپادىلىنىپ ئۇرغۇلۇق بوغۇمنىڭ سول تەرەپ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ['leitə] ['pezənt]



تاق بوغۇملۇق سۆز يالغۇز ئوقۇلغاندا ئۇرغۇلۇق ئوقۇلۇشى كېرەك، ئەمما شۇ سۆزنىڭ تاۋۇشىنى يازغاندا ئۇرغۇ بەلگىسى قويۇلمايدۇ، مەسىلەن: [speid] [ni:t] [mæn]

## ھەرپلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| S | L | C | A | چوڭ | باسما شەكلى |
| s | l | c | a | كىچىك | |
| S | L | C | A | چوڭ | يازما شەكلى |
| s | l | c | a | كىچىك | |
| [es] | [el] | [si:] | [ei] | ھەرپ نامى | |

## EXERCISES

**1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار:**

| [i:] | [ei] |
|---|---|
| i:t | eit |
| si:t | seit |
| mi:t | meit |
| bi:t | beit |

| [ei] | [e] |
|---|---|
| leit | let |
| meit | met |
| beid | bed |
| pein | pen |

| [e] | [ə] |
|---|---|
| let | 'letə |
| bet | 'betə |
| set | 'setə |
| det | 'detə |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| [æ] | [e] |
|---|---|
| bæd | bed |
| mæt | met |
| sæd | sed |
| mæn | men |

| [i:] | [e] |
|---|---|
| i:t | et |
| mi:t | met |
| si:t | set |
| li:d | led |

| [ei] | [æ] |
|---|---|
| eit | æt |
| meit | mæt |
| beit | bæt |
| leid | læd |

| [l] | [n] |
|---|---|
| li:d | ni:d |
| let | net |
| leim | neim |
| læp | næp |

| [l] | [lə] |
|---|---|
| mil | 'milə |
| si:l | 'si:lə |
| teil | 'teilə |
| peil | 'peilə |

| [s] | [z] |
|---|---|
| æs | æz |
| les | sez |
| ni:s | ni:z |
| beis | beiz |

| [ts] | [dz] |
|---|---|
| pæts | pædz |
| bets | bedz |
| si:ts | si:dz |
| meits | meidz |

2. تۆۋەندىكى تاۋۇش ۋە ھەرپلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

1) تاۋۇشلار: [ei] [æ] [ə] [s] [z] [ts] [dz] [l]

2) ھەرپلەر: Aa Cc Ll Ss

3. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى ۋە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى تونۇپ ئوقۇڭلار:

ac db lp sm te

EB AN CS PM LT

see meat pale cap bean

4. بۇ دەرستىكى سۆزلەرنى قوشۇپ يېزىڭلار ھەم پىششىق يادلاڭلار:



# Lesson Three ئۈچىنچى دەرس

**فونېتىكا:** سوزۇق تاۋۇش: [i] [ai]

ئۈزۈك تاۋۇش: [k] [g] [θ] [ð] [tʃ] [dʒ]

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

**ھەرپلەر:** Gg Hh Ii Jj Kk

**ئوقۇش قائىدىسى:** ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم

i، e، a لارنىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

This is a cap. Is this a cap?
That is a bag. Is that a bag?
This is a bench. Is this a bench?
That is a table. Is that a table?
This is a plane. Is this a plane?
That is a kite. Is that a kite?

## NEW WORDS

this [ðis] بۇ     bag [bæg] سومكا

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| is | [iz] | بولسا | bench | [bentʃ] | ئۇزۇن ئورۇندۇق |
| that | [ðæt] | ئاۋۇ | table | ['teibl] | ئۈستەل |
| Is this…? | بۇ…مۇ؟ | | plane | [plein] | ئايروپىلان |
| Is that…? | ئاۋۇ…مۇ؟ | | kite | [kait] | لەگلەك |
| cap | [kæp] | شەپكە | | | |

kite

## PHONETICS



### سوزۇق تاۋۇش [i]

تىل ئالدى، سەل ئېگىز، لەۋلەشمىگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئالدى قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ [i:] دىن تۆۋەنرەك، [e] دىن يۇقىرىراق بولىدۇ.

2. لەۋلەر ياپىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئۈستۈنكى چىش بىلەن ئاستىنقى چىشنىڭ ئارىلىقىغا چىمچىلاق قولنىڭ ئۇچى سىغىدۇ.

[i:……i……i:……i……]

[il] [in] [tid] [sip]

[pit] [bilz] ['litl] ['pistl]



### قوش سوزۇق تاۋۇش [ai]

1. بۇ قوش سوزۇق تاۋۇشتىكى ئالدىنقى سوزۇق تاۋۇش [a] تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىگە تېگىشى كېرەك.



2. [a] دىن [i] غا سىيرىلىدۇ.

[ai] [ai] [ai] [ai]

[mai] [bai] [aiz] [taim]

[sait] [baiz] [lain] ['maiti]



### ئۈزۈك تاۋۇش [k] [g]

تىل تۈۋى، يۇمشاق تاڭلاي، پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش.

1. تىل ئارقا قىسمى كۆتۈرۈلۈپ، يۇمشاق تاڭلايغا تاقىلىپ توسالغۇ ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن تىلنىڭ ئارقا قىسمى پەسىيىپ ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

2. [k] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، [g] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.

[k] [g] [k] [g]

[kid] [pæk] [get] [li:g]

[baik] [keik] [gaid] ['taigə]



### ئۈزۈك تاۋۇش [θ] [ð]

تىل ئۇچى، چىش ئارىسى، سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش تۈۋىگە يېنىك سىيرىلىپ ھاۋا ئېقىمى تىل بىلەن چىشنىڭ ئارىلىقىدىن تار بوشلۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [θ] جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش، [ð] جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش.

[θ……ð……θ……ð]

[θai] [θil] [mæθ] [ti:θ]

[ðei] [ðæt] [beið] [ti:ð]



www.uyghurkitap.com

## ئۆزۈك تاۋۇشلار [dʒ] [tʃ]



تـــل ئـۇچـى، چـــش مـــلـكى، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ ئۆزۈك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى كۆتۈرۈلۈپ ئۈستۈنكى چىش مـــلـــكـگە سىيرىلىپ تولۇق توسالغۇ ھاسىل قــلــىدۇ، ھـاۋا ئـېـقـمى تىل بىلەن چىش ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن پارتلاپ ھەم سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [tʃ] جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش، [dʒ] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش.

[tʃ……dʒ……tʃ……dʒ]

[tʃes] [dʒæz] [tʃi:z] [peidʒ]

['ti:tʃə] ['tʃainə] ['piktʃə] [dʒə'pæn]

## تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن قىسقىچە خۇلاسە



ئـــنگلىز تىلىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار جەمئىي تۆت بولۇپ، ئۇلار [i:] [i] [e] [æ] دىن ئىبارەت. بۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1. تىل ئۇچى چىش تۈۋىگە تىرىلىدۇ.

2. تـــلـــنىڭ ئالدى قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ.

3. لەۋلەشمەيدۇ، لەۋلەر تەكشى ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

4. لـەۋلـەرنىڭ شەكلى بىلەن تىل ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگىرىپ كەتسە سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.



## پارتلىغۇچى ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن قىسقىچە خۇلاسە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي ئۈچ جۈپ پارتلىغۇچى ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۇلار [k][g] ، [t][d] ، [p][b] دىن ئىبارەت. بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1. [p] [t] [k] جـاراڭـسـز ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈكرەك چىقىدۇ. بۇ تاۋۇشلارنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش [e] قوشۇلماسلىقى يەنى [$p^e$][$t^e$][$k^e$] بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

2. [b] [d] [g] جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قــلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ، بۇ تاۋۇشلارنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش [e] قوشۇلماسلىقى، يەنى [$b^e$][$d^e$][$g^e$] بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

### ھەرپلەر

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| K | J | I | H | G | چوڭ | باسما شەكلى |
| k | j | i | h | g | كىچىك | |
| K | J | I | H | G | چوڭ | يازما شەكلى |
| k | j | i | h | g | كىچىك | |
| [kei] | [dʒei] | [ai] | [eitʃ] | [dʒi:] | ھەرپ نامى | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوقۇش قائىدىسى

## ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم

**1. ئوچۇق بوغۇم:** تۆۋەندىكى ئىككى خىل بوغۇم ئوچۇق بوغۇم بولىدۇ:

1) ئوقۇلىدىغان سوزۇق تاۋۇش هەرپى بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇم. مەسىلەن: be, me

2) ئۈزۈك تاۋۇش هەرپى (r دىن باشقا) گە ئوقۇلمايدىغان سوزۇق تاۋۇش هەرپ e قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن بوغۇم. مەسىلەن: kite, take

**2. يېپىق بوغۇم:** بىر ياكى بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇش هەرپ (r دىن باشقا) بىلەن ئاياغلىشىپ ئارىسىغا پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش هەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بوغۇم يېپىق بوغۇم بولىدۇ. مەسىلەن: it, pen, desk

**ئىزاهات:** 1) ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇم ئىچىدىكى سوزۇق تاۋۇش هەرپى ئادەتتە ئۆز نامى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

2) ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇم ئىچىدىكى سوزۇق تاۋۇش هەرپى ئادەتتە ئۆزى بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇش بويىچە ئوقۇلىدۇ.

a، e، i لارنىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

| هەرپ | نامى | ئورنى | ئوقۇلۇشى | مىسال |
|---|---|---|---|---|
| a | [ei] | ئوچۇق بوغۇم | [ei] | spade, name |
| | | يېپىق بوغۇم | [æ] | map, bag |
| e | [i:] | ئوچۇق بوغۇم | [i:] | me, be |
| | | يېپىق بوغۇم | [e] | bed, pen |
| i | [ai] | ئوچۇق بوغۇم | [ai] | I, like |
| | | يېپىق بوغۇم | [i] | it, pick |



# EXERCISES

**1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:**

i: i e ei ai　　s z tʃ dʒ

i e ei ai i:　　z dʒ s tʃ

e ei ai i: i　　tʃ dʒ s z

| [i:] | [i] |
|---|---|
| i:t | it |
| si:t | sit |
| li:d | lid |
| bi:d | bid |

| [i] | [e] |
|---|---|
| it | et |
| bit | bet |
| did | ded |
| tʃik | tʃek |

| [æ] | [ai] |
|---|---|
| læm | laim |
| bæt | bait |
| mæs | mais |
| bæk | baik |

| [ai] | [ei] |
|---|---|
| aim | eim |
| mait | meit |
| pail | peil |
| lain | lein |

| [k] | [g] |
|---|---|
| pik | big |
| bæk | bæg |
| pek | peg |
| kein | gein |

| [θ] | [ð] |
|---|---|
| θi:m | ðis |
| θik | ðen |
| ti:θ | si:ð |
| deθ | beið |

| [tʃ] | [dʒ] |
|---|---|
| tʃi:p | dʒi:p |
| tʃin | dʒin |
| eitʃ | eidʒ |
| bætʃ | bædʒ |

**2. تۆۋەندىكى تاۋۇش، هەرپ ۋە جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:**

1. تاۋۇشلار: [ai][i][k][g][tʃ][dʒ][θ][ð]

2. هەرپلەر: Gg Hh Ii Jj Kk

3. جۈملىلەر:

This is a cap. Is this a bench? That is a table. Is that a bag?

3. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى ۋە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى تونۇپ ئوقۇڭلار:

ec hk bd li hn

HM CG IJ NM Ll

table kite plane bench bag me

like sit back lamp bed go

4. بۇ دەرستىكى تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەم يادلاڭلار:



# Lesson Four تۆتىنچى دەرس

فونېتىكا: سوزۇق تاۋۇش: [ɑː] [ɔ] [əu]
ئۈزۈك تاۋۇش: [h] [r] [j] [w] [v] [f]
ھەرپلەر: Ff Oo Rr Vv Yy
ئوقۇش قائىدىسى: O نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

(1)

Is this a pen?
Yes, it is.
It is a green pen.

Is that a pencil?
Yes, it is.
It is a red pencil.

(2)

Is this a bat?
No, it isn't.
It is a cat.

Is that a desk?
No, it isn't.
It is a table.

www.uyghurkitap.com

(3)

These are cars.
Are these bikes?
No, they aren't.
They are cars.

Those are picks.
Are those spades?
No, they aren't.
They are picks.

## NEW WORDS

| | | |
|---|---|---|
| pen | [pen] | قەلەم |
| yes | [jes] | ھەئە |
| it | [it] | ئۇ (نەرسە ـ كېرەكلەرگە قارىتىلىدۇ) |
| green | [gri:n] | يېشىل |
| pencil | ['pensl] | قېرىنداش |
| red | [red] | قىزىل |
| bat | [bæt] | شەپەرەڭ |
| no | [nəu] | ياق |
| isn't | —['iznt](=is not) | ئەمەس |
| cat | [kæt] | مۈشۈك |
| desk | [desk] | پارتا |
| these | [ði:z] | بۇلار |
| are | [ɑ:,ə] | بولسا |
| car | [kɑ:] | پىكاپ |
| bike | [baik] | ۋېلسىپىت |
| aren't | [ɑ:nt](=are not) | ئەمەس |
| they | [ðei] | ئۇلار |
| those | [ðəuz] | ئاۋۇلار |



| | | |
|---|---|---|
| pick | [pik] | جوتو |
| spade | [speid] | گورجەك |

## PHONETICS



### سوزۇق تاۋۇش [ɑ:]

تىل كەينى، تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش.

1. [ɑ:] تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز چوڭ ئېچىلىدۇ. تىل تۈز قويۇلۇپ، ئارقىغا تارتىلىدۇ، تىل ئۇچى تۆۋەن چىش مىلىكىدىن ئايرىلىدۇ.

2. بۇ تاۋۇشنى قىسقا ئوقۇماي، ئۇزۇنراق ئوقۇشىمىز لازىم.

[ɑ:] [ɑ:] [ɑ:] [ɑ:]
[stɑ:] [lɑ:st] [mɑ:k] [tɑ:sk]
[ə'kɑ:] ['ɑ:mi] ['pɑ:ti] ['bɑ:skit]



### سوزۇق تاۋۇش [ɔ]

تىل كەينى، لەۋلەشكەن، قىسقا، سوزۇق تاۋۇش.

1. ئېغىز چوڭ ئېچىلىپ، تىل ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆۋەنلەپ ئارقىغا تارتىلىدۇ، لەۋلەر يۇمىلاق ھالەتتە تۇرىدۇ، لەۋلەر ئالدىغا سوزۇلمايدۇ.

2. ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى [ɑ:] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما لەۋلەر لەۋلىشىپ ئېغىز كىچىكرەك ئېچىلىدۇ، تىل سەل ئارقىغا تارتىلىدۇ.

[ɔ] [ɔ] [ɔ] [ɔ]
[dɔg] [mɔp] [bɔks] [klɔk]
['lɔbi] ['bɔtl] ['dʒɔblis] ['pɔkit]



### قوش سوزۇق تاۋۇش [əu]

1. لەۋلەر سەل ياپىلاق ھالەتتە بولۇپ، ئاندىن تىل ئالدىغىراق سوزۇلىدۇ.

2. تەلەپپۇز قىلغاندا [ə] دىن [u] غا سىيرىلىدۇ، ئېغىزنىڭ شەكلى يۇقىرىقى رەسىمدىكىدەك بولىدۇ.

[əu] [əu] [əu] [əu]
[nəu] [sləu] [bəul] [təuld]
['pəuni] [ə'kəut] ['ləunli] ['səuldʒə]



### ئۇزۇك تاۋۇش [f] [v]

لەۋ - چىش، سىيرىلانغۇ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تۆۋەنكى لەۋ ئۈستۈنكى چىشقا يېنىك تىرىلىپ، ھاۋا ئېقىمى لەۋ بىلەن چىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. [f] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [v] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

[f……v……f……v……]
[if] [vi:] [feit] [faiv]



['feðə] ['nevə] [ə'flæg] ['vælvit]



### يېرىم سوزۇق تاۋۇش [w]

تىل كەينى، يۇمشاق تاڭلاي يېرىم سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ، لەۋلەر يۇمىلاقلىشىپ ئالدىغا سوزۇلىدۇ. تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

2. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغان ھامان ئارقىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا سىيرىلىدۇ.

[w] [w] [w] [w]
[wel] [wɔt] [weik] [wi:p]
['wægən] ['waizə] ['windəu] ['wenzdi]



### يېرىم سوزۇق تاۋۇش [j]

تىل ئالدى قاتتىق تاڭلاي، يېرىم سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئالدى قىسمى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ، لەۋلەر كېرىلىپ ياپىلاق شەكىلگە كېلىدۇ، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

2. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھامان ئارقىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا سىيرىلىدۇ.

[j] [j] [j] [j]
[jet] [jɑ:d] [jəuk] [ji:ld]

www.uyghurkitap.com

['jeləu] ['jɑ:dstik] ['jəukl] ['jestədi]



## ئۈزۈك تاۋۇش [r]

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، ئارقا، سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش.

تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ ئارقىسىغا قايرىلىپ، تىل ئالدى قىسمى تۆۋەنلەيدۇ، لەۋلەر ئالدىغا قاراپ سوزۇلىدۇ، ھاۋا ئېقىمى تىل يۈزى بىلەن قاتتىق تاڭلاي ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

[r] [r] [r] [r]
[ri:] [grəu] [reit] [kræb]
['rigə] ['rɑ:ðə] ['rɔtn] [ri'mein]



## ئۈزۈك تاۋۇش [h]

بوغۇز، سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش.

1. ھاۋا ئېقىمى توسالغۇغا ئۇچرىماي ئېغىز بوشلۇقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ، پەقەتلا بوغۇزدىن چىقىش جەريانىدا يېنىك سىيرىلىدۇ، ئېغىز شەكلى تۇراقسىز بولۇپ، كېيىنكى سوزۇق تاۋۇشقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

2. تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ.

[h] [h] [h] [h]
[hi] [hiz] [hel] [hæt]
['hɑ:vist] ['he'ləu] [him'self] ['hɔspitl]



## ھەرپلەر

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Y | V | R | O | F | چوڭ | باسما شەكلى |
| y | v | r | o | f | كىچىك | |
| Y | V | R | O | F | چوڭ | يازما شەكلى |
| y | v | r | o | f | كىچىك | |
| [wai] | [vi:] | [ɑ:] | [əu] | [ef] | ھەرپ نامى | |

## ئوقۇش قائىدىسى

O نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

| ھەرپ | ھەرپ نامى | ئورنى | ئوقۇلۇشى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| O | [əu] | ئوچۇق بوغۇم | [əu] | no, those |
| | | يېپىق بوغۇم | [ɔ] | not, dog (ئىت) |

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:

| [əu] | [ɔ] |
|---|---|
| kəut | kɔt |
| nəut | nɔt |
| kəup | kɔp |
| həup | hɔp |

| [ɔ] | [ɑː] |
|---|---|
| kɔt | kɑːt |
| hɔt | hɑːt |
| dɔk | dɑːk |
| pɔk | pɑːk |

| [ɑː] | [ai] |
|---|---|
| pɑːk | paik |
| lɑːk | laik |
| bɑːk | baik |
| dɑːk | daik |

| [w] | [v] |
|---|---|
| wet | vet |
| went | vent |
| wail | vail |
| wain | vain |

| [r] | [l] |
|---|---|
| riːd | liːd |
| rait | lait |
| reit | leit |
| 'ridl | 'litl |

| [j] | [iː] |
|---|---|
| jiː | iː |
| jiːst | iːst |
| jiːld | iːl |
| jet | iːt |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| weik | mɑːtʃ | sɔks | hɑːd | 'redi |
| tʃæt | nəut | wil | fəuk | 'vilidʒ |
| miːl | tʃeindʒ | dʒɔb | gɔt | 'veri |

2. تۆۋەندىكى تاۋۇش، ھەرپ ۋە جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

1. تاۋۇشلار: [əu][ɔ][ɑː][f][v][w][j][r][h]

2. ھەرپلەر: Ff Oo Rr Vv Yy

3. جۈملىلەر:



These are cars. Are those spades? No, they aren't.

They are picks. Is that a desk? No, it isn't.

3. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى ۋە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى تونۇپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:

ry nv gp ae jf

EF GO RK VY CD

these green fade smoke radio

knife pencil friend habit English

4. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەم يادلاڭلار:

# Lesson Five بەشىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| **فونېتىكا:** | سوزۇق تاۋۇش [u] [u:] [ʌ]<br>ئۈزۈك تاۋۇش [ʒ][ʃ][ŋ]<br>سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە<br>دىماغ ئۈزۈك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە |
| **ھەرپلەر:** | Qq Uu Ww Xx Zz<br>ئېلىپبە جەدۋىلى |
| **ئوقۇش قائىدىسى:** | u نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى |
| **گرامماتىكا:** | كىشىلىك ئالماش<br>be پېئىلىنىڭ كىشىلىك ئالماشتىكى ئۆزگىرىشى |

(1)

What is this?
It is a key.
What is that?
It is a box.

What are these?
They are keys.
What are those?
They are boxes.

(2)

I am a student.
You are a worker.

We are students.
You are workers.



He is a doctor.
She is a teacher.

They are doctors.
They are teachers.

(3)

Is he a doctor?
Yes, he is.
Is she a nurse?
No, she isn't. She is a teacher.

Are you students?
Yes, we are.
Are they teachers?
No, they aren't. They are workers.

## NEW WORDS

| | | |
|---|---|---|
| what | [wɔt] | نېمە |
| key | [ki:] | ئاچقۇچ |
| box | [bɔks] | ساندۇق، قۇتا |
| I | [ai] | مەن |
| am | [æm, əm] | بولىسا |
| student | ['stju:dənt] | ئوقۇغۇچى |
| you | [ju:] | سەن، سىز، سىلەر |
| worker | ['wə:kə] | ئىشچى |
| he | [hi:] | ئۇ (ئەرلەرگە) |
| doctor | ['dɔktə] | دوختۇر |
| she | [ʃi:] | ئۇ (ئاياللارغا) |
| teacher | ['ti:tʃə] | ئوقۇتقۇچى |
| we | [wi:] | بىز |
| nurse | [nə:s] | سېستىرا |



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# PHONETICS



### سوزۇق تاۋۇش [u]

تىل كەينى، ئېگىز، لەۋلەشكەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ تىل ئارقىغا تارتىلىدۇ، تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىدىن ئايرىلىدۇ.

2. لەۋلەر لەۋلىشىپ ئالدىغا قاراپ سوزۇلىدۇ.

[u] [u] [u] [u]
[pul] [fut] [wud] [gud]
['huki] ['bulit] ['lukə] ['futbridʒ]



### سوزۇق تاۋۇش [u:]

تىل كەينى، ئېگىز، لەۋلەشكەن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش.

1. [u] غا سېلىشتۇرغاندا لەۋلەر ئالدىغا سوزۇلۇپ تېخىمۇ كىچىكرەك يۇمىلىدۇ.

2. قىسقا ئوقۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

[u:] [u:] [u:] [u:]
[su:p] [fu:d] [gu:s] [pu:l]
['bu:tleis] ['nu:dl] ['pju:pl] ['hu:flit]





### سوزۇق تاۋۇش [ʌ]

تىل كەينى، سەل تۆۋەن، لەۋلەشمىگەن، قىسقا سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل كەينى تەرىپىنىڭ ئالدىنقى قىسمى سەل كۆتۈرۈلۈپ، تىل ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى تۆۋەن چىش مىلىكىگە تىرىلىدۇ، ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى [æ] بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لەۋلەر ئىككى تەرەپكە كېرىلىدۇ.

2. سوزۇق تاۋۇش [ɔ] نى چىقىش قىلىپ لەۋلەرنى لەۋلەشكەن ھالەتتىن لەۋلەشمىگەن ھالەتكە ئېلىپ كەلسەك، مۇشۇ تاۋۇش كېلىپ چىقىدۇ.

[ʌ] [ʌ] [ʌ] [ʌ]
[dʌn] [kʌt] [fʌs] [lʌmp]
['bʌtə] ['tʌnl] ['pʌzl] ['mʌðə]



### ئۇزۇك تاۋۇش [ʒ] [ʃ]

تىل ئۇچى، چىش مىلىكى، ئارقا، سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش مىلىكىنىڭ سەل ئارقا قىسمىغا كۆتۈرۈلۈپ تىل قاتتىق تاڭلايغا قاراپ يېقىنلىشىپ، ئۇزۇن بىر بوشلۇقنى ھاسىل قىلىدۇ، ھاۋا ئېقىمى شۇ بوشلۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ.

2. لەۋلەر ئالدىغا قاراپ سەل سوزۇلۇپ لەۋلەرنىڭ ياپىلاق شەكىلگە كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

3. [ʃ] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [ʒ] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

[ʃ.... ʒ.... ʃ.... ʒ....]
[ʃai] [ʃeid] [dæʃ] [ʃi:p]

www.uyghurkitap.com

['leʒə] ['meʒə] ['pleʒə] ['viʒən]

## ئۇزۇك تاۋۇش [ŋ]



تىل كەينى، يۇمشاق تاڭلاي، دىماغ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئورنى [k] [g] لار بىلەن ئوخشاش، ئەمما يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەنلەپ ئېغىز بوشلۇقىدا توسالغۇ ھاسىل بولۇپ؛ ھاۋا ئېقىمى دىماغدىن چىقىدۇ.
2. تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ.

[ŋ] [ŋ] [ŋ] [ŋ]
[gæŋ] [bæŋk] [piŋk] [sɔŋ]
['ʌŋkl] ['tiŋkl] ['ri:diŋ] ['dʒʌŋgl]

## سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن قىسقىچە خۇلاسە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي 10 سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش بولۇپ، ئۇلار [r] [h] [ʒ] [ʃ] [z] [s] [ð] [θ] [v] [f] دىن ئىبارەت. بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:



1. ئېغىز بوشلۇقى پۈتۈنلەي توسالغۇغا ئۇچرىماي سەل بوش ئورۇن قالىدۇ، ھاۋا ئېقىمى شۇ بوشلۇقتىن سىرىلىپ ياكى تىترەپ چىقىدۇ.
2. سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش ئۇزۇنىراق ئوقۇلسا بولىدۇ، ئەمما تاۋۇش ئورگانلىرىنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ.



## دىماغ ئۇزۇك تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي ئۈچ دىماغ ئۇزۇك تاۋۇش بولۇپ، ئۇلار [ŋ] [n] [m] دىن ئىبارەت. دىماغ ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:



1. يۇمشاق تەڭلاي تۆۋەنلەپ ئېغىز بوشلۇقى پۈتۈنلەي توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھاۋا ئېقىمى دىماغدىن چىقىدۇ.
2. بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىگەنلىكتىن، ئۇلارنى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش دەپ ئاتايمىز.
3. دىماغ ئۇزۇك تاۋۇشى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە ئۇزۇنىراق ئوقۇلىدۇ.

## ھەرپلەر

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Z | X | W | U | Q | چوڭ | باسما شەكلى |
| z | x | w | u | q | كىچىك | |
| Z | X | W | U | Q | چوڭ | يازما شەكلى |
| z | x | w | u | q | كىچىك | |
| [zed] | [eks] | ['dʌblju:] | [ju:] | [kju:] | ھەرپ نامى | |

# ALPHABET ئېلىپبە

| باسما شەكلى: چوڭ يېزىلىشى | باسما شەكلى: كىچىك يېزىلىشى | يازما شەكلى: چوڭ يېزىلىشى | يازما شەكلى: كىچىك يېزىلىشى | ھەرپ نامى | باسما شەكلى: چوڭ يېزىلىشى | باسما شەكلى: كىچىك يېزىلىشى | يازما شەكلى: چوڭ يېزىلىشى | يازما شەكلى: كىچىك يېزىلىشى | ھەرپ نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A | a | A | a | [ei] | N | n | N | n | [en] |
| B | b | B | b | [bi:] | O | o | O | o | [əu] |
| C | c | C | c | [si:] | P | p | P | p | [pi:] |
| D | d | D | d | [di:] | Q | q | Q | q | [kju:] |
| E | e | E | e | [i:] | R | r | R | r | [ɑ:] |
| F | f | F | f | [ef] | S | s | S | s | [es] |
| G | g | G | g | [dʒi:] | T | t | T | t | [ti:] |
| H | h | H | h | [eitʃ] | U | u | U | u | [ju:] |
| I | i | I | i | [ai] | V | v | V | v | [vi:] |
| J | j | J | j | [dʒei] | W | w | W | w | [ˈdʌblju:] |
| K | k | K | k | [kei] | X | x | X | x | [eks] |
| L | l | L | l | [el] | Y | y | Y | y | [wai] |
| M | m | M | m | [em] | Z | z | Z | z | [zed] |



# ئوقۇش قائىدىسى

## u نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى

| ھەرپ | ھەرپ نامى | ئورنى | ئوقۇلۇشى | مىسال |
|---|---|---|---|---|
| u | [ju:] | ئوچۇق بوغۇم | [ju:] | cute |
| | | يېپىق بوغۇم | [ʌ] | cup |

# GRAMMAR

## كىشىلىك ئالماش

| شەخس \ سان | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | مەن I | بىز we |
| II شەخس | سەن (سىز) you | سىلەر you |
| III شەخس | he / she / it ئۇ | ئۇلار they |

## be پېئىلىنىڭ كىشىلىك ئالماشتىكى ئۆزگىرىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| I | am | we | are |
| you | are | you | are |
| he / she / it | is | they | are |

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار:

| [u:] | [u] |
|---|---|
| fu:l | ful |
| ku:l | kud |
| tu:l | tuk |
| gu:s | gud |

| [ɔ] | [u] |
|---|---|
| pɔt | put |
| lɔk | luk |
| kɔk | kuk |
| bɔk | buk |

| [u:] | [ju:] |
|---|---|
| du: | dju: |
| mu:d | mju:t |
| ku:l | kju:t |
| nu:n | nju:z |

| [ʌ] | [ɔ] |
|---|---|
| hʌt | hɔt |
| nʌt | nɔt |
| lʌk | lɔk |
| dʌg | dɔg |

| [ʌ] | [ɑ:] |
|---|---|
| kʌt | kɑ:t |
| hʌt | hɑ:t |
| lʌk | lɑ:k |
| mʌtʃ | mɑ:tʃ |

| [n] | [ŋ] |
|---|---|
| sin | siŋ |
| θin | θiŋ |
| ræn | ræŋ |
| dʌn | dʌŋ |

| [ʃ] | |
|---|---|
| ʃuk | puʃ |
| ʃip | iʃ |
| ʃʌt | rʌʃ |
| ʃæl | læʃ |

| [ʃ] | [s] |
|---|---|
| ʃi: | si: |
| ʃeim | seim |
| meʃ | mes |
| læʃ | læs |

| [θ] | [ð] |
|---|---|
| θik | ðis |
| θæŋk | ðæt |
| bəuθ | beið |

| [θ] | [s] |
|---|---|
| θi:m | si:m |
| θiŋk | siŋk |
| pɑ:θ | pɑ:s |

| [ð] | [z] |
|---|---|
| ðen | zed |
| wið | hiz |
| beið | beiz |



www.uyghurkitap.com

2. تۆۋەندىكى تاۋۇش ۋە ھەرپلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

تاۋۇشلار: [u:] [u] [ʌ] [ʃ] [ʒ] [ŋ]

ھەرپلەر: Qq Uu Ww Xx Zz

3. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى ۋە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:

pq uv mw vy gb rx sz hn ec ij

KR YX YV CG EF IL ZS TF HN VX

young girl woman sixth school blackboard

sickle zipper fish jungle quarter twelve

4. ئىنگلىز تىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ يازما شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. يازما شەكلىنىڭ ئېگىلىگەن قۇرى ۋە چوڭ ـ كىچىك يېزىلىشىغا دىققەت قىلىڭلار:

Aa Bb Cc Dd Ee

Ff Gg Hh Ii Jj

Kk Ll Mm Nn Oo

*Pp Qq Rr Ss Tt*

*Uu Vv Ww Xx Yy*

*Zz*

5. تـۆۋەنـدىـكى جـۈمـلـىلەرنىڭ يازما شەكلىگە ئاساسەن كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

*I am a student. She is*

I am a student. She is

*a doctor. Are they keys?*

a doctor. Are they keys?

*No, they aren't.*

no, they aren't.

6. تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ھەم يادلاڭلار:



# Lesson Six ئالتىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | An English Lesson |
| فونېتىكا: | سوزۇق تاۋۇش [au] [ɔ:]<br>تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە<br>پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى<br>قوشۇپ ئوقۇش |
| گراماتىكا: | 1. كىشىلىك ئالماشنىڭ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش شەكلى؛ 2. بۇيرۇق جۈملە |

## TEXT

(1)

Good morning!
Good afternoon!
Good evening!
Good night!
Good - bye!

(2)

— What's this?
— It is a book.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— What's that?
— It is a notebook.
— What are these?
— They are rulers.
— What are those?
— They are spoons and bowls.
— Are these mops?
— Yes, they are.
— Are those brooms?
— No, they aren't. They are balls.

(3)

## AN ENGLISH LESSON

Teacher: Let's begin our class.
Monitor: Stand up!
Teacher: Good morning, class.
Students: Good morning, teacher.
Teacher: Sit down, please. Open your books.
Let's read the text.
(The students read the text.)
Teacher: Now, let's have dictation.

## NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| good | [gud] | ياخشى |
| morning | ['mɔ:niŋ] | ئەتىگەن |
| good morning | | ياخشىمۇ سىز (ئەتىگەندە قوللىنىلىدۇ) |
| afternoon | ['ɑ:ftə'nu:n] | چۈشتىن كېيىن |



| | | |
|---|---|---|
| good afternoon | | ياخشىمۇسىز (چۈشتىن كېيىن قوللىنىلىدۇ) |
| evening | ['i:vniŋ] | كەچ |
| good evening | | ياخشىمۇ سىز (كەچتە قوللىنىلىدۇ) |
| night | [nait] | كېچە |
| good night | | خەير - خوش (كېچىدە ئايرىلىش ئالدىدا قوللىنىلىدۇ) |
| good-bye | ['gud'bai] | خەير - خوش |
| book | [buk] | كىتاب |
| notebook | ['nəutbuk] | خاتىرە دەپتەر |
| ruler | ['ru:lə] | سىزغۇچ |
| spoon | [spu:n] | قوشۇق |
| bowl | [bəul] | قاچا |
| mop | [mɔp] | پول سۈرتكۈچ |
| broom | [bru:m] | سۈپۈرگە |
| ball | [bɔ:l] | توپ |
| an | [æn, ən] | (ئېنىقسىز ئارتىكل سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا قوللىنىلىدۇ) |
| English | ['iŋgliʃ] | ئىنگلىز |
| lesson | ['lesn] | دەرس |
| let's | [lets](=let us) | - لايلى، - يلى |
| begin | [bi'gin] | باشلاش |
| class | [klɑ:s] | دەرس، سىنىپ |

| | | |
|---|---|---|
| monitor | ['mɔnitə] | سىنىپ باشلىقى |
| stand | [stænd] | تۇرۇش |
| up | [ʌp] | ... ئۈستىگە |
| sit | [sit] | ئولتۇرۇش |
| down | [daun] | پەسكە |
| please | [pli:z] | مەرھەمەت |
| open | ['əupən] | ئېچىش |
| your | [jɔ:] | سىزنىڭ، سىلەرنىڭ |
| read | [ri:d] | ئوقۇش |
| the | [ði:, ðə, ði] | (ئېنىق ئارتىكل) |
| text | [tekst] | تېكىست |
| now | [nau] | ھازىر |
| have | [hæv] | بار، (مەلۇم ئىشنى) قىلىش |
| dictation | [dik'teiʃən] | ئاڭلاپ يېزىش |

## PHONETICS



### سوزۇق تاۋۇش [ɔ:]

تىل كەينى، سەل تۆۋەن، لەۋلەشكەن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش.

1. تىلنىڭ ئارقا قىسمى [ɔ] غا قارىغاندا سەل يۇقىرى بولۇپ، لەۋلەرمۇ كىچىكرەك يۇمۇلىدۇ.





2. قىسقا ئوقۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

[ɔ:] [ɔ:] [ɔ:] [ɔ:]
[tɔ:n] [fɔ:st] [rɔ:d] [ʃɔ:t]
['kɔ:tə] [bi'fɔ:] ['bɔ:də] ['mɔ:niŋ]

### قوش سوزۇق تاۋۇش [au]



1. ئالدىنقى قىسمى [ai] دىكى [a] غا ئوخشاش بولۇپ، [a] دىن [u] غا سىيرىلغاندا لەۋلەر يۇمىلاقلىشىپ تىلنىڭ ئارقا قىسمى كۆتۈرۈلىدۇ.
2. باشلىنىشتىلا لەۋلەرنىڭ يۇمىلاقلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، يەنى [au] نىڭ [ɔu] تەلەپپۇز قىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

[au] [au] [au] [au]
[laud] [braun] [mauθ] [raund]
[ə'taun] ['faundə] ['klaudi] ['dautful]

### تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن قىسقىچە خۇلاسە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي ئالتە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇلار [ʌ] [ɑ:] [ɔ] [ɔ:] [u] [u:] دىن ئىبارەت. بۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:



1. تىل ئۇچى تۆۋەن چىش مىلىكىگە تىرىلمەي، تىل ئارقىغا تارتىلىپ تىل ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ.

2. [ʌ] [ɑ:] دىن باشقىلىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

3. [ɑ:] [ɔ:] [u:] دىن ئىبارەت ئۈچ تاۋۇشنىڭ قىسقا ئوقۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

## پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

1. بىر پارتىلىغۇچى تاۋۇشنىڭ كەينىگە يەنە بىر پارتىلىغۇچى تاۋۇش كەلگەندە بىرىنچىسى پارتىلىمايدۇ، يەنى مۇناسىۋەتلىك تاۋۇش ئورگانلىرى مۇشۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىشقا تەمشىلىپ، ئارقىدىنلا كەينىدىكى پارتىلىغۇچى تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى پارتىلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

notebook ['nəutbuk]

a red pen [ə'red'pen]

Sit down! ['sit'daun]

2. پارتىلىغۇچى تاۋۇشنىڭ كەينىگە سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ياكى پارتىلىغۇچى — سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش كەلسە، سەل پارتلاپ چىقىدۇ. ئەمما ناھايىتى يېنىك بولىدۇ. مەسىلەن:

picture ['piktʃə]

good students ['gud'stju:dənts]

3. پارتىلىغۇچى تاۋۇش، دىماغ ئۇزۇك تاۋۇش ياكى قوۋۇز ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كەلسە سەل يېنىكرەك پارتلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

good morning ['gud 'mɔ:niŋ]



a good leader [ə'gud 'li:də]

## قوشۇپ ئوقۇش

بىرخىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان، زىچ مۇناسىۋەتلىك سۆز بىرىكمىسىدە، ئەگەر ئالدىنقى سۆز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلىشىپ كېيىنكى سۆز سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانسا، بۇ ئىككى تاۋۇشنى بەزىدە قوشۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى قوشۇپ ئوقۇش دەپ ئاتايمىز. قوشۇپ ئوقۇش «‿» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

What is that? ['wɔt iz'ðæt]

It is a box. ['it iz ə 'bɔks]

## GRAMMAR

### كىشىلىك ئالماشنىڭ باش كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش شەكلى

| شەخس / سان | بىرلىك | | كۆپلۈك | |
|---|---|---|---|---|
| | باش كېلىش | چۈشۈم كېلىش | باش كېلىش | چۈشۈم كېلىش |
| I شەخس | I | me | we | us |
| II شەخس | you | you | you | you |
| III شەخس | he<br>she<br>it | him<br>her<br>it | they | them |

ئىنگلىز تىلىدىكى كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئىككى خىل شەكىلى بولۇپ، ئۇلار باش كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشتىن ئىبارەت. جۈملىدە ئىگە بولغاندا باش كېلىش، تولدۇرغۇچى بولغاندا چۈشۈم كېلىش قوللىنىلىدۇ.

## بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق ياكى ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرىدىغان جۈملىنى بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتايمىز.

Sit down! ئولتۇرۇڭلار!

Open your books, please. كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار،

بۇيرۇق جۈملىنىڭ كەينىگە ئادەتتە چېكىت قويۇلۇپ ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتكەندە ئۈندەش بەلگىسىمۇ قوللىنىلىدۇ.

هۆرمەت ياكى ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرگەندە دائىم please دېگەن سۆز قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلسە ئۇرغۇلۇق، كەينىدە كەلسە ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. كەينىدە كەلگەندە يېزىقتا ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

Please read the text. تېكىستنى ئوقۇڭلار.

Stand up, please. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار.

بۇيرۇق جۈملىنىڭ بولۇشسىز شەكلى بولۇشلۇق شەكلىنىڭ ئالدىغا do not [du:nɔt] ياكى don't [dəunt] قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

Don't open your books. كىتابىڭلارنى ئاچماڭلار.

يەنە بىر خىل بۇيرۇق جۈملە let's [lets] ياكى let us [let əs] بىلەن باشلىنىپ، ئۇ مەلۇم كىشىنى ئۆزى بىلەن تەڭ مەلۇم بىر ئىش قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

Let's have dictation. ئاڭلاپ يازايلى.

Let's read the text. تېكىستنى ئوقۇيلى.



## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:

ɔ ɔ: ɔ ɔ:    s z ts dz

ʃ ʒ tʃ dʒ

əu ɔ: əu ɔ:    s ʃ z ʒ

əu au əu au    ts tʃ dz dʒ

| [ɔ:] | [ɔ] |
|---|---|
| kɔ:l | kɔk |
| pɔ:k | pɔt |
| ʃɔ:t | ʃɔp |
| lɔ:d | lɔk |

| [au] | [əu] |
|---|---|
| kau | kəut |
| laud | ləud |
| ʃaut | ʃəud |
| mauθ | məust |

| [u] | [u:] | [əu] | [ɔ:] | [ɔ] | [au] |
|---|---|---|---|---|---|
| buk | bu:t | bəut | bɔ:t | bɔks | bau |
| rum | ru:t | rəut | rɔ:t | rɔd | raund |
| nuk | nu:n | nəut | nɔ:θ | nɔd | naun |
| kud | ku:l | kəuld | kɔ:k | kɔk | kau |
| fut | fu:d | fəuld | fɔ:k | fɔg | faul |

| [s] | [ts] |
|---|---|
| les | lets |
| ges | gets |
| beis | beits |

| [dz] | [z] |
|---|---|
| si:dz | si:z |
| ædz | æz |
| meidz | meiz |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى يېزىپ چىقىڭلار:

notebook, worker, bench, evening, green,
kite, doctor, afternoon, begin, pencil

3. توغرا جاۋابنى تاللاڭلار:

1. These (are/is) desks.
2. Those (is/are) brooms.
3. They (are/is) doctors.
4. (Is/Are) this a mop? Yes, it (are/is).
5. He (are/is) a worker.
6. (Is/Are) you peasants? Yes, we (are/is).

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. بۇ كارىۋات.
2. ئۇلار ئۇستەلمۇ؟ ياق، ئۇلار پارتا.
3. دەرسىمىزنى باشلايلى.
4. خاتىرە دەپتىرىڭلارنى ئېچىڭلار.
5. بۇلار نېمە؟ بۇلار قوشۇق ۋە قاچىلار.
6. تېكىستنى ئوقۇڭلار.

5. بۇ دەرسنىڭ تېكىستىنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە يادلاڭلار:



# Lesson Seven يەتتىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | An English Family |
| فونېتىكا: | سوزۇق تاۋۇش: [əː] [ɔi] |
| | ئۈزۈك تاۋۇش: [tr] [dr] |
| | تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە |
| | جۈملىدىكى سۆز ئۇرغۇسى |
| ئوقۇش قائىدىسى: | r لىق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى |
| گىراماتىكا: | 1. سۆز تۈركۈملىرى |
| | 2. جۈملە تەرتىپى |
| | 3. have پېئىلىنىڭ كىشىلىك ئالماشتىكى ئۆزگىرىشى |

## TEXT

Have you any sisters? Yes, I have three sisters.
Has she any brothers? No, she hasn't.
Has Jane any brothers and sisters? She has two sisters, but she has no brother.
Have the Jacksons any children? Yes, they have two sons and a daughter.

(2)

## AN ENGLISH FAMILY

This is a picture of Bob's family. The man on the right is his father. He's a steel worker in London. The woman is his mother. She teaches physics. The girl is Bob's sister. Bob is on her right. Bob is eleven, and his sister is thirteen. Bob and his sister go to school. They study very hard.

NEW WORDS And EXPRESSIONS

### NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| any | ['eni] *pron.* | بىراز، ھەرقانداق |
| sister | ['sistə] *n.* | ئاچا ـ سىڭىل |
| three | [θri:] *num.* | ئۈچ |
| has | ['hæz,həz] *v.* | بار |
| brother | ['brʌðə] *n.* | ئاكا ـ ئۇكا |
| hasn't | ['hæznt](=*has not*) | يوق |
| Jane | [dʒein] *n.* | جېين (ئاياللارنىڭ ئىسمى) |
| and | [ænd,ənd] *conj.* | ۋە، بىلەن |
| two | [tu:] *num.* | ئىككى |
| but | [bʌt,bət] *conj.* | لېكىن، ئەمما، بىراق |



| | | |
|---|---|---|
| no | [nəu] *pron.* | يوق |
| Jackson | ['dʒæksn] *n.* | جېكسون (ئادەم ئىسمى) |
| the Jacksons | | جېكسونلار (جېكسون- ـنىڭ ئائىلىسىدىكى- ـلەرنى كۆرسىتىدۇ) |
| children | ['tʃildrən] *n.* | بالىلار |
| child | [tʃaild] *n.* | بالا |
| son | [sʌn] *n.* | ئوغۇل |
| daughter | ['dɔ:tə] *n.* | قىز (مەلۇم بىر كىشىنىڭ قىزىنى كۆرسىتىدۇ) |
| family | ['fæmili] *n.* | ئائىلە |
| picture | ['piktʃə] *n.* | رەسىم |
| of | [ɔv,əv] *prep.* | ... ـ نىڭ |
| Bob | [bɔb] *n.* | بوب (ئەرلەرنىڭ ئىسمى) |
| man | [mæn] *n.* | ئەر |
| on | [ɔn] *prep.* | ـ دا / ـ دە، ـ تا / ـ تە |
| right | [rait] *n.,a.* | ئوڭ، توغرا |
| his | [hiz] *pron.* | ئۇنىڭ (ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ) |
| father | ['fɑ:ðə] *n.* | دادا، ئاتا |
| steel | [sti:l] *n.* | پولات |
| in | [in] *prep.* | ـ دا/ ـ دە، ـ تا / ـ تە |
| London | ['lʌndn] *n.* | لوندون |
| woman | ['wumən] *n.* | ئايال |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| women | ['wimin] | *n.* | ئاياللار |
| mother | ['mʌðə] | *n.* | ئانا، ئاپا |
| teach | [ti:tʃ] | *v.* | ئوقۇتۇش |
| physics | ['fiziks] | *n.* | فىزىكا |
| girl | [gə:l] | *n.* | قىز |
| her | [hə:] | *pron.* | ئۇنىڭ (ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ) |
| eleven | [i'levn] | *num.* | ئون بىر |
| thirteen | ['θə:'ti:n] | *num.* | ئون ئۈچ |
| go | [gəu] | *v.* | بېرىش |
| to | [tu:,tu,tə] | *prep.* | - غا / - قا، - گە / - كە |
| school | [sku:l] | *n.* | مەكتەپ |
| go to school | | | مەكتەپكە بېرىش |
| study | ['stʌdi] | *v.,n.* | ئۆگىنىش |
| very | ['veri] | *ad.* | ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك |
| hard | [hɑ:d] | *ad.* | تىرىشىپ |

### EVERYDAY ENGLISH

Open your books at page 3.
Read the text after me, please.

everyday ['evridei] *a.* ھەر كۈنلۈك
at [æt,ət] *prep.* - دا / - دە، - تا / - تە
page [peidʒ] *n.* بەت
after ['ɑ:ftə] *prep.* - دىن كېيىن



# PHONETICS

## سوزۇق تاۋۇش [ə:]



تىل ئارا، سەل ئېگىز، لەۋلەشمىگەن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش.

1. تىل تۈز بولۇپ، تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى سەل كۆتۈرۈلۈپ [ə] دىن يۇقىرىراق بولىدۇ، لەۋلەرنىڭ شەكلى [i:] نى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

2. بۇ تاۋۇشنىڭ قىسقا ئوقۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

[ə:] [ə:] [ə:] [ə:]
[bə:d] [skə:t] [kə:v] [nə:vz]
['lə:nə] ['də:ti] ['wə:kmeit] ['fə:ðə]

## قوش سوزۇق تاۋۇش [ɔi]



1. ئالدىنقى قىسمى [ɔ] بىلەن [ɔ:] نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

2. [ɔ] دىن [i] غا سىيرىلىپ، لەۋلەر لەۋلەشكەن ھالەتتىن لەۋلەشمىگەن ھالەتكە كېلىدۇ.

[ɔi] [ɔi] [ɔi] [ɔi]
[dʒɔi] [tʃɔis] [fɔil] [pɔint]
['ɔili] ['vɔislis] [in'dʒɔi] ['nɔizi]

## ئۇزۇك تاۋۇش [tr] [dr]



چىش مىلىكى، ئارقا، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش.

1. تىل ئۇرنى [r] تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلىشقا تەييارلىنىپ تىل ئۇچى چىش مىلىكى ئارقىسىغا سەل قايرىلىپ هاۋا ئېقىمى مۇشۇ توسالغۇدىن پارتلاپ چىقىپ [t] تەلەپپۇز قىلغان هامان ئارقىدىنلا [r] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

2. [tr] جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش، [dr] جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش.

[tr] [dr] [tr] [dr]

[tru:] [trʌst] [driŋk] [dræg]

['tri:ti] ['trʌbl] ['draivə] ['dripiŋ]

## تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن قىسقىچە خۇلاسە

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي ئىككى تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، بۇلار [ə:][ə] دىن ئىبارەت. بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1. تىل ئۇچى تۆۋەنكى چىش مىلىكىگە يېنىك تىرىلىدۇ.

2. تىل يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى تىلنىڭ ئالدى قىسمى بىلەن تىلنىڭ ئارقا قىسمىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

3. لەۋلەشمەيدۇ.

## جۈملىدىكى سۆز ئۇرغۇسى

بىر جۈملىدە بەزى سۆزلەر ئۇرغۇلۇق، بەزى سۆزلەر ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. ئىسىم، سۈپەت، سان، پېئىل ۋە رەۋىشلەر ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. ئارتىكل، ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە



باغلىغۇچىلار ئادەتتە ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. ئاز ساندىكى پېئىل ۋە كۆپ ساندىكى ئالماشلارمۇ جۈملىدە ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

This‿is‿a 'spoon.
(*pron.*) (*v.*) (*art.*) (*n.*)

'Read the 'text.
(*v.*) (*art.*) (*n.*)

He has 'two 'green 'pens.
(*pron.*) (*v.*) (*num.*) (*a.*) (*n.*)

## ئوقۇش قائىدىسى

### r لىق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش هەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى

«r + سوزۇق تاۋۇش هەرپى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرغۇلۇق بوغۇم «r لىق بوغۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: car, her, nurse

r لىق بوغۇمدا سوزۇق تاۋۇش هەرپى ئادەتتىكى بوغۇمدىكى قائىدە بويىچە ئوقۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| r لىق بوغۇم | ئوقۇلۇشى | مىساللار |
|---|---|---|
| a+r | [ɑ:] | car [kɑ:] |
| e+r<br>i+r<br>u+r | [ə:] | her [hə:]<br>girl [gə:l]<br>nurse [nə:s] |
| o+r | [ɔ:] | morning |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# GRAMMAR

## 1. سۆز تۈركۈملىرى

ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسى، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، سىنتاكسىسلىق رولى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئون تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئىسىم n.) noun [naun] — n. بولسا قىسقارتىلمىسى، تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق بولىدۇ) ئادەم، شەيئى ۋە ئابستراكت ئۇقۇم قاتارلىقلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: boy, table, English

2) ئارتىكل article [ˈɑ:tikl] — art.
ئىسىمغا بېقىنىپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆز. ئۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا ئېنىق ئارتىكل the ۋە ئېنىقسىز ئارتىكل (an) a . دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئارتىكل بار.

3) ئالماش pronoun [ˈprəunaun] — *pron.*
ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى. مەسىلەن: me, they, that, what

4) سۈپەت adjective [ˈædʒiktiv] — *adj.,a.*
ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ شەكلى، خاراكتېرى، ھالىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: good, clean, big

5) سان numeral [ˈnju:mərəl] — *num.*
سان مىقدار ۋە تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: two, first

6) پېئىل verb [və:b] — *v.*
ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان



سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: go, do, open

7) رەۋىش adverb [ˈædvə:b] — *adv.,ad.*
جۈملىدە پېئىل، سۈپەت، رەۋىش ياكى پۈتۈن جۈملىنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىتى، خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر، مەسىلەن: up, hard, very

8) ئالدى قوشۇلغۇچى
preposition [ˈprepəˈziʃən] — *prep.*
ئىسىم ياكى ئالماشنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەردۇر. مەسىلەن: at, in, on

9) باغلىغۇچى conjunction [kənˈdʒʌŋkʃən] — *conj.*
سۆز بىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى، جۈملە بىلەن جۈملىنى باغلاپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: but, and

10) ئىملىق سۆز
interjection [ˈintəˈdʒekʃən] — *interj.,int.*
سۆزلىگەندە خۇشال بولۇش، ھەيران قېلىش، خاپا بولۇش قاتارلىق ھېسسىياتلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. مەسىلەن: oh

ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەر ئۆزى تەۋە بولغان سۆز تۈركۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سۆزلەرنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىز تىلىدىكى مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان سۆز ئۇيغۇر تىلىدا شۇ سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا سۆزمۇ سۆز بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. مەسىلەن: Stand up! تۇرۇڭلار!

بۇ جۇملىدىكى up ئىنگلىز تىلىدا رەۋىش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «يۇقىرىغا، ئۇستىگە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جۇملە ئىچىدە تەرجىمە قىلىنمايدۇ.

## 2. جۇملە بۆلەكلىرى

بىر جۇملە بىرقانچە بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ بۆلەكلەر جۇملە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. جۇملە بۆلەكلىرى جۇملىدىكى رولىغا ئاساسەن ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، هالەت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئادەتتىكى جۇملىدە چوقۇم ئىگە بىلەن خەۋەر بولۇشى كېرەك. ئىگە بىلەن خەۋەر جۇملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدۇر. ئىگە — جۇملىدە «كىم» ياكى «نېمە» دېگەننى بىلدۈرىدىغان بۆلەكتۇر. خەۋەر — ئىگىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ هەرىكىتىنى ياكى هالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

I read.
ئىگە خەۋەر

بەزى خەۋەرلەر كېسىم پېئىل ۋە باشقا بىر سۆز (ياكى سۆز بىرىكمىسى) بىلەن تۈزۈلىدۇ. كېسىم پېئىل بىلەن بىللە خەۋەرنى تۈزۈپ كەلگەن مۇشۇ سۆز (ياكى سۆز بىرىكمىسى) نى كېسىم خەۋەر دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

She is a nurse.
ئىگە كېسىم پېئىل كېسىم خەۋەر

بىر جۇملە ئىگە ۋە خەۋەردىن سىرت يەنە باشقا بۆلەكلەر بىلەن تۈزۈلۈپ كېلىدۇ. تولدۇرغۇچى ـــ پېئىلنىڭ مەنىسىنى تاماملاپ ئۇ ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. مەسىلەن:

They Study English.
ئىگە خەۋەر تولدۇرغۇچى

Open the book.
خەۋەر تولدۇرغۇچى



ئېنىقلىغۇچى ـــ ئىسىم ياكى ئالماشنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

She has a good notebook.
ئىگە خەۋەر ئېنىقلىغۇچى تولدۇرغۇچى

هالەت ـــ پېئىل، سۈپەت ياكى رەۋىشنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Do you study English hard?
خەۋەر ئىگە خەۋەر تولدۇرغۇچى هالەت

ئىنگلىز تىلىدىكى هەرقايسى جۇملە بۆلەكلىرىنىڭ جۇملىدىكى ئورنى بىرقەدەر مۇقىم بولىدۇ. ئادەتتە مۇئەييەن سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر مۇئەييەن جۇملە بۆلىكى بولىدۇ.

ئىزاهات: جۇملە بۆلەكلىرىنى تەهلىل قىلغاندا تۆۋەندىكى ئاددىي بەلگىلەر قوللىنىلىدۇ.

ئىگە ______ ، خەۋەر ~~~~~~ ، تولدۇرغۇچى ══════ ، ئېنىقلىغۇچى ........ ، هالەت ≈≈≈≈≈≈ ، كېسىم خەۋەر ~~~~~~ .

## 3. have پېئىلىنىڭ كىشىلىك ئالماشقا قاراپ ئۆزگىرىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| I, you | have | we, you, they | have |
| he, she, it | has | | |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# EXERCISES

**1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:**

ə: əu ə: e　　f v θ ð

ə: ɔ: ə: ʌ　　θ f v ð

ə: əu ɔ: ə　　θ s ð z

| [ə:] | [əu] |
| --- | --- |
| nə:s | nəuz |
| bə:d | bəut |
| dʒə:m | dʒəuk |

| [ə:] | [ʌ] |
| --- | --- |
| ʃə:t | ʃʌt |
| hə:t | hʌt |
| bə:n | bʌn |

| [ɔ:] | [ə:] | [e] |
| --- | --- | --- |
| ʃɔ:t | ʃə:t | ʃed |
| lɔ:n | lə:n | lend |
| tɔ:n | tə:n | ten |

| [tʃ] | [tr] | [dr] | [dʒ] |
| --- | --- | --- | --- |
| tʃi:t | tri:t | dri:m | dʒi:n |
| tʃein | trein | drein | dʒein |
| tʃu:z | tru:θ | dru: | dʒu: |

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىغا قاراپ سۆزلىرىنى يېزىپ چىقىڭلار:**

[ˈsistə], [ˈdʒæksn], [ˈfæmili], [ˈti:tʃə],

[ˈtʃildrən], [ˈpiktʃə], [ˈlʌndn], [ˈwimin]

**3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى يېزىپ**



چىقىڭلار:

daughter, father, physics, thirteen,

woman, eleven, school, study

**4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىڭلار ھەمدە ھەربىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار:**

ئۈلگە:

Nijat is a good student.

*n.* *v.* *art.* *a.* *n.*

1. Her brother teaches physics at school.
2. Aynur is a nurse.
3. Are you an English teacher?
4. Do you study very hard?

**5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. سىزنىڭ ئىنگلىز تىلى كىتابلىرىڭىز بارمۇ؟
ھەئە، بار.
2. ئۇلارنىڭ ئۈچ قىزى ۋە ئىككى ئوغلى بار.
3. ئوڭ تەرەپتىكى قىز ئۇنىڭ ھەدىسى.
4. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.
5. بىز ئىنتايىن تىرىشىپ ئۆگىنىمىز.
6. ئۇنىڭ دادىسى پولات ئىشچىسى.

# Lesson Eight سەككىزىنچى دەرس

تېكىست: OUR CLASSROOM.
فونېتىكا: سوزۇق تاۋۇش: [uə][ɛə][iə]
ئىنتوناتسىيە: تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە
ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى
گرامماتىكا: باشلىغۇچى سۆز there نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە.
ئىگىلىك ئالماش

## TEXT

(1)

There is a tape-recorder in my room.
There are two letters on the desk.
There is some water in the bottle.
There is a clinic in our school.
There are two doors and three windows in our classroom.



There are many classrooms in this building.

(2)

Is there a phone in your room?
Yes, there is.
Is there any glass on the table?
No, there isn't.
Are there many pictures on the wall?
Yes, there are.
Are there any books in the bag?
No, there aren't.

(3)

## OUR CLASSROOM

This is our classroom. It's on the first floor of the classroom building.

There are many desks and chairs in the room. The teacher's desk is in front of the blackboard. There are two maps on the walls. They are a map of China and a map of the world.

Our classroom is not very big. It is always clean and tidy. We like our classroom.

www.uyghurkitap.com

## NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| there | [ðɛə] | |
| there is (are) | | ... دە بار |
| tape-recorder | ['teipri 'kɔ:də] *n.* | ئۈنئالغۇ |
| my | [mai] *pron.* | مېنىڭ |
| room | [rum] *n.* | ئۆي |
| letter | ['letə] *n.* | خەت، ھەرپ |
| some | [sʌm, səm] *pron.* | بىر قانچە، بىرئاز |
| water | ['wɔ:tə] *n.* | سۇ |
| bottle | ['bɔtl] *n.* | بوتۇلكا |
| clinic | ['klinik] *n.* | دوختۇرخانا |
| door | [dɔ:] *n.* | ئىشىك |
| window | ['windəu] *n.* | دېرىزە |
| classroom | ['klɑ:srum] *n.* | سىنىپ، دەرسخانا |
| building | ['bildiŋ] *n.* | بىنا |
| phone | [fəun] *n.* | تېلېفون |
| glass | [glɑ:s] *n.* | ئىستاكان |
| many | ['meni] *pron.* | نۇرغۇن |
| wall | [wɔ:l] *n.* | تام |
| first | [fə:st] *num.* | تۇنجى، بىرىنچى |
| floor | [flɔ:] *n.* | قەۋەت، پول |
| chair | [tʃɛə] *n.* | ئورۇندۇق |
| front | [frʌnt] *n.* | ئالدى |
| in front of | | ... نىڭ ئالدىدا |
| blackboard | ['blækbɔ:d] *n.* | دوسكا |
| map | [mæp] *n.* | خەرىتە |
| China | ['tʃainə] *n.* | جۇڭگو |



| | | |
|---|---|---|
| world | [wə:ld] *n.* | دۇنيا |
| big | [big] *a.* | چوڭ |
| always | ['ɔ:lwiz] *ad.* | ھەر دائىم |
| clean | [kli:n] *a.* | پاكىز |
| tidy | ['taidi] *a.* | رەتلىك |
| like | [laik] *v.* | ياخشى كۆرۈش |

### EVERYDAY ENGLISH

— Hello, Mr. Alim. How are you?
— Fine, thank you. And you?
— I'm fine, thanks.

hello ['hʌ'ləu] *int.* ۋەي، ياخشىمۇسىز
Mr. ['mistə] *n.* ئەپەندىم
how [hau] *ad.* قانداق
fine [fain] *a.* ياخشى
thank [θæŋk] *v.,n.* رەھمەت

## PHONETICS

قوش سوزۇق تاۋۇش [iə]



1. [iə] دىكى [i] نى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز ياپىلاق شەكىلدە تۇرىدۇ. ئېغىزنى بەك چوڭ ئاچماسلىق كېرەك. [e] ياكى [æ] تەلەپپۇز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

2 . [iə] نــى تــەلــەپپۇز قىلغاندا ئاۋاز [i] دىن [ə] گە سىيرىلىدۇ. [i] نى بەك سوزۇپ تەلەپپۇز قىلماسلىق لازىم.

[iə][iə][iə][iə]

[miə][diə][spiə][biəd]

[ˈθiəri][əˈpiə][ˈkliəli][ˈfiəful]

### قوش سوزۇق تاۋۇش [εə]



1 . [εə] نىڭ بىرىنچى بۆلىكى [ε] تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش. تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى چىشنىڭ ئارقىسىغا تىرىلىدۇ. ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى [e] بىلەن [æ] نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

2 . تەلەپپۇز قىلغاندا [ε] دىن تېزلىكتە [ə] گە سىيرىلىدۇ.

[εə][εə][εə][εə]

[rεə][fεə][pεə][stεə]

[priˈpεə][ˈkεəful][ˈðεəfɔː][ˈtʃεəmən]

### قوش سوزۇق تاۋۇش [uə]



1 . [uə] نىڭ بىرىنچى بۆلىكى [u] نى [w] دەپ ئوقۇپ قويماسلىق لازىم.

2 . [uə] نى تەلەپپۇز قىلغاندا [u] دىن [ə] گە سىيرىلىدۇ.

[uə][uə][uə][uə]

[muə][duə][ʃuə][pjuə]

[ˈʃuəli][ˈdjuəriŋ][ˈjuːʒuəli][ˈtuərizəm]

ئىنتوناتسىيە — تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە ۋە يۇقىرىلىغان



ئىنتوناتسىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، سۆزلىگەن ياكى دېكلاماتسىيە قىلغاندا ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ياكى كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسىيىشى ئىنتوناتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا ئاساسلىق ئىككى خىل ئىنتوناتسىيە بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيىدىن ئىبارەت. تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە « » بەلگە بىلەن، يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە « » بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بايان جۈملە، ئالاھىدە سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملىلەردە تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ. يەنى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرغۇلۇق بوغۇمدا ئىنتوناتسىيە تۆۋەنلەيدۇ. كېيىنكى ئۇرغۇسىز بوغۇمنىڭ ئىنتوناتسىيىسى تۈز بولىدۇ. ئادەتتىكى سوراق جۈملىدە ئادەتتە يۇقىرىلىغان ئىنتوناسىيە قوللىنىلىدۇ. يەنى جۈملە ئاخىرىدىكى ئۇرغۇلۇق بوغۇمدا ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر جۈملە ئۇرغۇسىز بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشسا ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇرغۇلۇق بوغۇمنىڭ ئىنتوناتسىيىسى تۈز بولىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۇرغۇسىز بوغۇمنىڭ ئىنتوناتسىيىسى كۆتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

This is our classroom.



Open your books.



What is this?



Is he a worker?



Has she any brothers?



www.uyghurkitap.com

## ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى

بىر بوغۇمدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۇزۇك تاۋۇش بىرلىشىپ كەلسە، بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە — ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئالدىنقى ئۇزۇك تاۋۇش يېنىكرەك، قىسقىراق ئوقۇلىدۇ. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئارىسىغا سوزۇق تاۋۇش [ə] نى قوشماسلىقىمىز لازىم. مەسىلەن:

class [klɑ:s] green [gri:n]

desk [desk] texts [teksts]

## GRAMMAR

باشلىغۇچى سۆز there نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە «......... بىر جايدا ......... ئادەم (ئادەملەر) ياكى نەرسە (نەرسىلەر) بار. (مەۋجۇت)» دېگەن ئۇقۇم ئىنگلىز تىلىدا there دېگەن باشلىغۇچى سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

There is a pen on the desk.

There are twenty students in our class.

بۇ جۈملىلەردىكى a pen بىلەن students ئىگە، is بىلەن are خەۋەر on the desk بىلەن in our class ھالەت بولىدۇ. ئەگەر ئىگە بىرلىك بولغاندا there is، ئىگە كۆپلۈك بولغاندا there are قوللىنىلىدۇ. there is ۋە there are جۈملىدە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ.

باشلىغۇچى سۆز there نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلى، سوراق شەكلى ۋە ئۇنىڭ



قىسقارتىلغان جاۋابى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ:

| بولۇشلۇق | بولۇشسىز | سوئال – جاۋاب |
|---|---|---|
| There is a picture on the wall. | There isn't any picture on the wall. There is no picture on the wall. | Is there any picture on the wall? Yes, there is. No, there isn't. |
| There are (some) pictures on the wall. | There aren't any pictures on the wall. There are no pictures on the wall. | Are there any pictures on the wall? Yes, there are. No, there aren't. |

**ئىزاھات:** have پېئىلى جۈملىدە «... نىڭ ... سى بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

He has three sisters.

I have an English book.

### ئىگىلىك ئالماش

| | | | |
|---|---|---|---|
| my | مېنىڭ | our | بىزنىڭ |
| your | سېنىڭ | your | سىلەرنىڭ |
| his | ئۇنىڭ (ئەر) | | |
| her | ئۇنىڭ (ئايال) | their | ئۇلارنىڭ |
| its | ئۇنىڭ (نەرسە) | | |

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى تاۋۇشلارنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار:

| [əː] | [iə] | [εə] | ['aiə] |
|---|---|---|---|
| həː | hiə | hεə | 'haiə |
| fəː | fiə | fεə | 'faiə |
| təːm | tiə | tεə | 'taiə |

| [uə] | ['auə] |
|---|---|
| puə | 'pauə |
| ʃuə | 'ʃauə |
| tuə | 'tauə |

| [v] | [w] |
|---|---|
| viː | wiː |
| vəːs | wəːk |
| vain | wai |
| vəut | wəuk |

| [w] | [r] |
|---|---|
| wiːd | riːd |
| wɔt | rɔt |
| weit | reit |
| wud | rum |

| [pl] | [bl] |
|---|---|
| pliːz | bliːd |
| pleis | bleiz |
| plæt | blæk |
| plæn | blæŋk |

| [pr] | [br] |
|---|---|
| praid | braid |
| prik | brik |
| pres | bred |
| prəuz | brəuk |

| [kl -] | [gl -] |
|---|---|
| klæʃ | glæd |
| klɑːs | glɑːs |
| klaim | gliəd |
| kliːn | gliːm |

| [kr] | [gr] |
|---|---|
| krein | grein |
| kræb | græm |
| kriːm | griːn |
| krəu | grəu |

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن سۆزلىرىنى يېزىپ چىقىڭلار:

['fiziks] ['bildiŋ] ['lesn] ['klinik]

['mɔnitə] ['windəu] ['ɔːlwiz] ['bɔtl]

3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق ئىگىلىك



ئالماشلارنى تولدۇرۇڭلار:

1. This girl is ___ (مېنىڭ) sister. That girl is ___ (ئۇنىڭ) sister.
2. ___ (سېنىڭ) books are in the bag.
3. This is ___ (بىزنىڭ) school.
4. Those are ___ (ئۇلارنىڭ) cars.
5. Adalet is a student. These are ___ (ئۇنىڭ) pencils.
6. He is ___ (سىلەرنىڭ) English teacher.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ بولۇشسىز، سوراق ھەم قىسقا جاۋاب شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:

1. There is a blackboard in the room.
2. There are some cats on the bed.
3. There are seven lamps in their classroom.
4. There is a notebook in her desk.

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

1. ئىستاكاندا ئازراق سۇ بار.
2. مەكتىپىڭلاردا دوختۇرخانا بارمۇ؟
   ھەئە، بار.
3. ئۇ 13 ياش، ئۇنىڭ ئاكىسى 16 ياش.
4. قۇتلۇقنىڭ ئۇنئالغۇسى بارمۇ؟
   يوق. ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ بار.
5. تامدا بىر پارچە شىنجاڭ خەرىتىسى بار.
6. سىنىپىمىز ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Lesson Nine توققۇزىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | **Freshmen** |
| فونېتىكا: | سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرى |
| | سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەكرارلىنىشى |
| گراماتىكا: | 1. ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى |
| | 2. ساناق سان 1 — 20 |

## TEXT

(1)

How many people are there in your family?
There are six.
How many students are there in your class?
There are twenty-two.
How many seasons are there in a year?
There are four.



How many months are there in a season?
There are three.

(2)

Who is he?
He is our monitor.
What is his name?
His name is Anwar.
How old is he?
He is nineteen.
Where is he from?
He is from Urumqi.

Who is she?
She is my classmate.
What is her name?
Her name is Gulbahar.
How old is she?
She is eighteen.
Where is she from?
She is from Kashgar.

(3)

### FRESHMEN

We are freshmen.

Elxat is a history student. He is from khomul. He is a Party member. Gulxat is a chemistry student. She is from Aksu. She is a League member. I am in the Foreign Languages Department. I am from Turpan. I am also a League member.

We are from different parts of Xinjiang. We love

Xinjiang. We love our people and our country. We all study hard and help each other.

## NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| how | [hau] *ad.* | قانداق |
| how many | | قانچە |
| people | [piːpl] *n.* | خەلق، كىشىلەر |
| six | [siks] *num.* | ئالتە |
| twenty - two | ['twenti'tuː] *num.* | يىگىرمە ئىككى |
| season | ['siːzn] *n.* | پەسىل |
| year | [jəː] *n.* | يىل |
| four | [fɔː] *num.* | تۆت |
| month | [mʌnθ] *n.* | ئاي |
| who | [huː] *pron.* | كىم |
| old | [əuld] *a.* | قېرى، كونا |
| nineteen | ['nain'tiːn] *num.* | ئون توققۇز |
| where | [wɛə] *ad.* | قەيەردە |
| from | [frɔm, frəm] *prep.* | -دىن / -تىن |
| to be from | | -لىك / -لىق، -لۇق / -لۈك، -دىن كەلگەن |
| classmate | ['klɑːsmeit] *n.* | ساۋاقداش |
| eighteen | ['ei'tiːn] *num.* | ئون سەككىز |



| | | |
|---|---|---|
| freshman | ['freʃmən] *n.* | بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى |
| freshmen | | بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى |
| history | ['histri] *n.* | تارىخ |
| Party | ['pɑːti] *n.* | پارتىيە (بۇ يەردە ج ك پ نى كۆرسىتىدۇ) |
| member | ['membə] *n.* | ئەزا |
| chemistry | ['kemistri] *n.* | خىمىيە |
| League | [liːg] *n.* | ئىتتىپاق (بۇ يەردە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ) |
| foreign | ['fɔrin] *a.* | چەت ئەلنىڭ |
| language | ['læŋgwidʒ] *n.* | تىل |
| department | [di'pɑːtmənt] *n.* | فاكۇلتېت |
| also | ['ɔːlsəu] *ad.* | -مۇ |
| different | ['difrənt] *a.* | ئوخشاش بولمىغان |
| part | [pɑːt] *n.* | قىسىم |
| love | [lʌv] *v.* | سۆيمەك |
| country | [kʌntri] *n.* | دۆلەت، ۋەتەن |
| all | [ɔːl] *pron.* | ھەممە، جەمئىي |
| help | [help] *v.*, *n.* | ياردەم بەرمەك، ياردەم |
| each | [iːtʃ] *pron.* | ھەربىر |
| other | ['ʌðə] *pron.* | باشقا |
| each other | ['iːtʃ'ʌðə] | ئۆزئارا |

EVERYDAY ENGLISH

Oh, I m sorry.
It is all right.

oh [əu] *int.* ھە (ئەملىقنى بىلدۈرىدۇ)
sorry ['sɔri].*a.* كەچۈرۈلىدىغان
all right توغرا، ھېچقىسى يوق، بولىدۇ

## PHONETICS

### سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرى

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي 20 سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 12 سى تاق سوزۇق تاۋۇش، سەككىزى قوش سوزۇق تاۋۇش.




1. تاق سوزۇق تاۋۇش

1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش: [i:], [i], [e], [æ]

2) تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش: [u], [u:], [ɔ], [ɔ:], [ʌ], [ɑ:]



3) تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش: [ə] [ə:]

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز ئورنىنى كۆرسىتىش سخېمىسى

**ئىزاھات:** [a] [ɛ] تاۋۇشلىرى پەقەتلا قوش سوزۇق تاۋۇش [au] [ai] [ɛə] لارنىڭ تەركىبىدە كۆرۈلىدۇ.

2. قوش سوزۇق تاۋۇش







1) ئېغىز يۇمۇلىدىغان قوش سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچى بۆلىكى [i] ياكى [u] بولغان قوش سوزۇق تاۋۇشلار: [ei] [ai] [ɔi] [au] [əu]

2) مەركەزلىشىدىغان قوش سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچى بۆلىكى [ə] بىلەن ئاخىرلىشىدىغان قوش سوزۇق تاۋۇشلار: [iə] [ɛə] [uə]

قوش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىش سخېمىسى

# GRAMMAR

## ئىسىمنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلى

ئىنگلىز تىلىدا ئىسىملار سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملار student, book ۋە باشقىلار؛ سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملار tea (چاي) ,steel (پولات) ۋە باشقىلار.

1. ئىنگلىز تىلىدىكى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈك دەپ ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن: a cap (بىر شەپكە) ، four caps (تۆت شەپكە) ، many caps (نۇرغۇن شەپكىلەر) .

1) ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئادەتتە بىرلىك شەكلىنىڭ كەينىگە s ـ قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

car ⟶ cars

spade ⟶ spades

2) z ، x ، o ، ch ، sh ، s بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ كەينىگە es ـ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

class ⟶ classes  brush (چوتكا) ⟶ brushes

watch (قول سائىتى) ⟶ watches

hero (قەھرىمان) ⟶ heroes

box ⟶ boxes  buzz (ۋىڭىلدىغان ئاۋاز) ⟶ buzzes

3) y «ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردە ئالدى بىلەن «y» نى «i» غا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن es ـ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

party ⟶ parties  secretary ⟶ secretaries



4) «fe» ، «f» بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردا ئالدى بىلەن «f» ، «fe» نى «v» ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن es ـ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

shelf (جازا) ⟶ shelves

knife (پىچاق) ⟶ knives

5) ئاز ساندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئالاھىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

man ⟶ men  child ⟶ children

tooth (چىش) ⟶ teeth  sheep (قوي) ⟶ sheep

2. (e)s ـ قوشۇمچىسىنىڭ ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن [s] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

caps [kæps]  books [buks]

2) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ كەينىدە [z] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

tables [ˈteiblz]  pens [penz]

teachers [ˈti:tʃəz]  heroes [ˈhiərəuz]

[s] [z] [ʃ] [tʃ] [dʒ] لارنىڭ كەينىدە [iz] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

classes [ˈklɑ:siz]  buzzes [ˈbʌziz]

brushes [ˈbrʌʃiz]  watches [ˈwɔtʃiz]

pages (بەتلەر) [ˈpeidʒiz]

**ئىزاھات:** [t][d] بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە (e)s ـ قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [dz] ، [ts] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: cats [kæts]  beds [bedz]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ساناق سان

| | |
|---|---|
| 1 one [wʌn] | 11 eleven [i'levn] |
| 2 two [tu:] | 12 twelve [twelv] |
| 3 three [θri:] | 13 thirteen ['θə:'ti:n] |
| 4 four [fɔ:] | 14 fourteen ['fɔ:'ti:n] |
| 5 five [faiv] | 15 fifteen ['fif'ti:n] |
| 6 six [siks] | 16 sixteen ['siks'ti:n] |
| 7 seven ['sevn] | 17 seventeen ['sevn'ti:n] |
| 8 eight [eit] | 18 eighteen ['ei'ti:n] |
| 9 nine [nain] | 19 nineteen ['nain'ti:n] |
| 10 ten [ten] | 20 twenty ['twenti] |

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار:

| [u:] | [u] | [ɔ:] | [ɔ] | [ɑ:] |
|---|---|---|---|---|
| fu:d | fut | fɔ:t | fɔg | fɑ:m |
| bu:t | buk | bɔ:t | bɔks | bɑ:θ |
| lu:m | luk | lɔ:d | lɔt | lɑ:k |
| hu:m | huk | hɔ:l | hɔt | hɑ:t |
| ʃu:t | ʃud | ʃɔ:t | ʃɔt | ʃɑ:p |
| ku:l | kud | kɔ:t | kɔt | kɑ:d |



| [ɔ:] | [əu] |
|---|---|
| kɔ:l | kəul |
| nɔ:t | nəut |
| rɔ:t | rəut |
| fɔ:m | fəum |
| bɔ:t | bəut |

| [ei] | [e] |
|---|---|
| meit | met |
| beid | bed |
| leit | let |
| peid | pet |
| weit | wet |

| [əu] | [u:] |
|---|---|
| həum | hu:m |
| səup | su:p |
| tʃəuz | tʃu:z |
| ʃəuz | ʃu:z |
| təu | tu: |

| [æ] | [ai] |
|---|---|
| kæt | kait |
| fæt | fait |
| læd | laid |
| bæd | baid |
| mæt | mait |

2. تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ۋە ئوقۇلۇشىنى يېزىپ چىقىڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| desk | cap | class | tooth |
| knife | child | pen | window |
| study | language | sheep | bed |

3. be پېئىلىنىڭ مۇۋاپىق شەكلى بىلەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار:

1. I _am_ a history student.
2. We _is_ all Uighurs. ['wi:guə] (ئۇيغۇر)
   We _are_ from different parts of Xinjiang.

3. She is a physics teacher in our school.
4. are you a teacher of the Chemistry Department?
5. These are Beijing ducks. [dʌks] (ئۆردەك)
6. It is a book. It's not a notebook.
7. They are in the clinic.
8. That is a big clock.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. ئۇلار بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمەس.
2. بىز تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلار خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.
3. سىز قۇمۇللۇقمۇ؟
ياق مەن قۇمۇللۇق ئەمەس، ئۈرۈمچىلىك.
4. ئۇ پارتىيە ئەزاسىمۇ؟
ياق، ئۇ پارتىيە ئەزاسى ئەمەس، ئىتتىپاق ئەزاسى.
5. ئۇ چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتىدا، مەنمۇ چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتىدا.
6. بۇ ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.



# Lesson Ten ئونىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | Turpan |
| فونېتىكا: | ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تۈرى |
| گراماتىكا: | ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى |

## TEXT

(1)

Are there many departments in your university?
Yes, there are.
How many?
There are fourteen.

(2)

1. What time is it?
It is eleven o'clock.
Is there a meeting this afternoon?

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Yes, there is.

What time?

Half past two.

2. Is there a film this evening?

Yes, there is an American film.

What time?

A quarter past seven.

3. Is there any lecture tomorrow morning?

Yes, there is.

What time?

Ten to nine.

(3)

**TURPAN**

Turpan is an old and beautiful city. It has a long history. It has a number of historic sites, beautiful gardens and scenic spots. It is famous for its grapes. Every year



the city receives large numbers of tourists. They come from all over the world. They always have a good time there.

Now in Turpan there are many new schools, hospitals, stores and factories. It is changing a lot year by year.

## NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| university | [ˈju:niˈvə:siti] *n.* | ئۇنىۋېرسىتېت |
| time | [taim] *n.* | ۋاقىت |
| o'clock | [əˈklɔk] | سائەت |
| meeting | [ˈmi:tiŋ] *n.* | يىغىن |
| half | [hɑ:f] *n.* | يېرىم |
| past | [pɑ:st] *prep.* | ئۆتمەك |
| film | [film] *n.* | فىلىم |
| American | [əˈmerikən] *a.*, *n.* | ئامېرىكىنىڭ، ئامېرىكىلىق |
| quarter | [ˈkwɔ:tə] *n.* | چارەك |
| lecture | [ˈlektʃə] *n.* | لېكسىيە |

| | | |
|---|---|---|
| tomorrow | [tə'mɔrəu] *n.*, *ad.* | ئەتە |
| beautiful | ['bju:tiful] *a.* | چىرايلىق، كۆركەم |
| city | ['siti] *n.* | شەھەر |
| long | [lɔŋ] *a.* | ئۇزۇن |
| number | ['nʌmbə] *n.* | نومۇر |
| a number of | | نۇرغۇن، بىرنەچچە |
| historic | [his'tɔrik] *a.* | تارىخىي |
| site | [sait] *n.* | جاي، ئورۇن |
| garden | ['gɑ:dn] *n.* | گۈللۈك، باغ |
| scenic | ['si:nik] *a.* | مەنزىرىلىك |
| spot | [spɔt] *n.* | جاي، ئورۇن |
| famous | ['feiməs] *a.* | داڭلىق، مەشھۇر |
| for | [fɔ:, fə] *prep.* | ئۈچۈن |
| to be famous for | | ـ غا داڭلىق |
| its | [its] *pron.* | ئۇنىڭ |
| grape | [greip] *n.* | ئۈزۈم |
| every | ['evri] *pron.* | ھەربىر |
| receive | [ri'si:v] *v.* | قوبۇل قىلماق، تاپشۇرۇۋالماق |
| large | [lɑ:dʒ] *a.* | چوڭ |



receive

| | | |
|---|---|---|
| tourist | ['tuərist] *n.* | ساياھەتچى |
| come | [kʌm] *v.* | كەلمەك |
| over | ['əuvə] *prep.*, *ad.* | ... ئۈستىدە، ئاياغلاشماق، تاماملانماق |
| all over | | ھەممە يەردە، پۈتۈن ... دە |
| have a good time | | ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەك |
| there | [ðɛə] *ad.* | ئۇ يەردە |
| now | [nau] *ad.* | ھازىر |
| new | ['nju:] *a.* | يېڭى |
| hospital | ['hɔspitəl] *n.* | دوختۇرخانا |
| store | [stɔ:] | دۇكان، ماگىزىن |
| factory | ['fæktri] *n.* | زاۋۇت |
| change | [tʃeindʒ] *v.* | ئۆزگەرمەك |
| lot | [lɔt] *n.* | كۆپ |
| a lot | | نۇرغۇن |
| by | [bai] *prep.* | ... ئارقىلىق، ... يېنىدا |
| year by year | | يىلمۇ يىل |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

EVERYDAY ENGLISH

— Come in.

— Good evening, Mr. Batur.

— Oh, good evening, Mr. Ali. Sit down.

Have a cup of tea.

— Thank you.

tea [ti:] *n.* چاي thank [θæŋk] *v.* رەھمەت ئېيتماق



# PHONETICS

## ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشى

| بوغۇز تاۋۇش | يۇمشاق تاڭلاي تاۋۇش | قاتتىق تاڭلاي تاۋۇش | قاتتىق تاڭلاي چىش مىلىكى تاۋۇش | چىش مىلىكى ئارقا تاۋۇش | چىش مىلىكى تاۋۇش | تىل چىش تاۋۇش | لەۋ - چىش تاۋۇش | قوش لەۋ تاۋۇش | تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى / تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | k g | | | | t d | | | p b | پارتلىغۇچى تاۋۇش |
| | | | tʃ dʒ | tr dr | ts dz | | | | پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش |
| h | | | ʃ ʒ | r | s z | θ ð | f v | | سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش |
| | ŋ | | | | n | | | m | دىماغ تاۋۇش |
| | | | | | l | | | | قوۋۇز تاۋۇش |
| | | j | | | | | | w | يېرىم سوزۇق تاۋۇش |

## GRAMMAR

## ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

ئىنگلىز تىلىدا ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئەگەر ۋاقىت پۈتۈن بولسا «o'clock+ سائەت سانى» ياكى «sharp+(o'clock)+ سائەت سانى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

We go to school at eight (o'clock).

بىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەكتەپكە بارىمىز.

It is five (o'clock) sharp.

هازىر سائەت دەل بەش بولدى.

2) مىنۇت سانى يېرىم سائەتتىن ئاشمىغان بولسا «سائەت سانى +past+ مىنۇت سانى» شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

11:10 ten (minutes مىنۇت) past eleven

8:15 a quarter past eight ياكى fifteen past eight

6:24 twenty - four (minutes) past six

10:30 half past ten

3) مىنۇت سانى يېرىم سائەتتىن ئاشقان بولسا «سائەت سانى + to + مىنۇت سانى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

9:40 twenty (minutes) to ten

5:45 a quarter to six ياكى fifteen to six

**ئىزاهات:**

1. «سائەت ··· دە» دېگەننى ئىپادىلەشتە ئالدى قوشۇلغۇچى at قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

at ten, at half past three

2. ئادەتتە ۋاقىتنى ئىپادىلەشتە تۆۋەندىكى شەكىلدىمۇ



قوللىنىلىدۇ.

7:00 seven hundred hours (['auə] سائەت)

12:00 twelve hundred hours

14:15 fourteen fifteen

2:26 two twenty - six

4:30 four thirty

8:45 eight forty - five

21:50 twenty - one fifty

23:05 twenty - three oh five

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئوقۇڭلار:

| [v] | [w] | [s] | [θ] | [ð] | [d] |
|---|---|---|---|---|---|
| vi: | wi: | sik | θik | ðei | dei |
| vet | wet | si:m | θi:m | ðen | den |
| vain | wain | sɔ:t | θɔ:t | ðəuz | dəuz |
| vein | wein | siŋ | θiŋ | ðεə | dεə |
| vest | west | tens | tenθ | ði:z | di:dz |

| [ʃ] | [s] | [ts] | [s] | [dz] | [z] |
|---|---|---|---|---|---|
| ʃi: | si: | lets | les | reidz | reiz |
| ʃip | sip | reits | reis | bʌdz | bʌz |
| ʃel | sel | hə:ts | hə:s | kɔ:dz | kɔ:z |
| ʃeim | seim | kɔ:ts | kɔ:s | pli:dz | pli:z |
| ʃu:t | su:t | pi:ts | pi:s | ædz | æz |

| [n] | [l] | [r] |
|---|---|---|
| ni:d | li:d | ri:d |
| neim | leim | rein |
| nəut | ləud | rəut |
| nais | lais | rais |
| nɔt | lɔt | rɔt |

| [n] | [ŋ] | [ŋk] |
|---|---|---|
| pin | piŋ | piŋk |
| sin | siŋ | siŋk |
| bæn | bæŋ | bæŋk |
| ræn | ræŋ | ræŋk |
| sʌn | sʌŋ | sʌŋk |

| [tʃ] | [dʒ] |
|---|---|
| tʃi:p | dʒi:p |
| tʃu:z | dʒu:s |
| tʃein | dʒein |
| eitʃ | eidʒ |
| bætʃ | bædʒ |

| [tr] | [dr] | [θr] |
|---|---|---|
| tri: | dri:m | θri: |
| trai | drai | θraiv |
| tru: | dru: | θru: |
| tril | dril | θril |
| tred | dred | θred |

| [-t] | [-ti] |
|---|---|
| pɑ:t | ′pɑ:ti |
| sit | ′siti |
| də:t | ′də:ti |
| pit | ′piti |
| tri:t | ′tri:ti |

2. تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. a big desk
2. department
3. at night
4. a good student
5. a big room
6. at five
7. a notebook
8. a red car
9. a blackboard
10. good tea

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىگە دىققەت قىلىڭلار:

six spade lamps desk plane
physics from past grapes twelve
help student clinic floor please



4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە جۈملە شەكلىگە دىققەت قىلىڭلار:

| | |
|---|---|
| 1. This is a car. | That is a bike. |
| Is this a desk? | Yes, it is. |
| Is that a lamp? | No, it isn't. It is a cap. |
| These are pencils. | Those are pens. |
| Are these books? | Yes, they are. |
| Are those notebooks? | No, they aren't. They are books. |
| 2. What is it? | It is a map. |
| What is this? | It is a box. |
| What is that? | It is a chair. |
| What are these? | They are pictures. |
| What are those? | They are benches. |
| 3. Are you a student? | Yes, I am. |
| Is he a teacher? | No, he isn't. He is a doctor. |
| Is she your sister? | Yes, she is. |
| Are they her classmates? | No, they aren't. They are my classmates. |
| 4. Who are you? | I am Kerem's brother? |
| What's your name? | My name is Kamil. |
| How old are you? | I am nineteen. |
| Where are you from? | I am from Atush. |



www.uyghurkitap.com

**5. تۆۋەندىكى ۋاقىتلارنى ئىنگلىزچە ئىپادىلەڭلار:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 12:30 | 5:08 | 4:28 | 2:37 |
| 3:50 | 1:00 | 6:04 | 10:45 |
| 7:31 | 11:55 | 9:44 | 8:15 |

**6. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. مەكتەپكە بېرىش؛ 2. خىمىيە فاكۇلتېتى؛ 3. ئۆزئارا؛
4. قەدىمكى ئىزلار؛ 5. مەنزىرىلىك جايلار؛ 6. پۈتكۈل دۇنيادا؛
7. پارتىيە ئەزاسى؛ 8. گۈزەل شەھەر.

**7. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى بار.
2. قەشقەر ھەر يىلى نۇرغۇن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.
3. بالىلار گۈللۈكتە دائىم ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينايدۇ.
4. بۇ بىر يېڭى پىكاپ، ئاۋۇمۇ يېڭى پىكاپمۇ؟
5. ئۇ سىلەرنىڭ سىنىپ باشلىقىڭلارمۇ؟ ھەئە، ئۇ بىزنىڭ سىنىپ باشلىقىمىز.
6. تامدا بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى بار.





# Lesson Eleven ئون بىرىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | The Days of the Week |
| فونېتىكا: | تاۋۇشلارنى ئوقۇش قائىدىلىرى |
| گراماتىكا: | 1. ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىشى<br>2. have پېئىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى |

## TEXT

(1)

### THE DAYS OF THE WEEK

There are seven days in a week. They are Sunday, Monday, Tuesday, Wednesday, Thursday, Friday and Saturday.

(2)

— Do you have English classes every day?

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— Yes, we do.

— How many English classes do you have in a week?

— We have fourteen classes.

— Do you have your classes in the morning?

— Well, most of them are in the morning. But on Tuesday we have two classes in the afternoon.

(3)

Spring is gay with flower and song,
Summer is hot and the days are long,
Autumn is rich with fruit and grain,
Winter brings snow and the New Year again.

## NEW WORDS AND EXPRESSIONS

| | | |
|---|---|---|
| day | [dei] *n.* | كۈن |
| week | [wi:k] *n.* | ھەپتە |
| Sunday | ['sʌndi] *n.* | يەكشەنبە |



| | | |
|---|---|---|
| Monday | ['mʌndi] *n.* | دۈشەنبە |
| Tuesday | ['tju:zdi] *n.* | سەيشەنبە |
| Wednesday | ['wenzdi] *n.* | چارشەنبە |
| Thursday | ['θə:zdi] *n.* | پەيشەنبە |
| Friday | ['fraidi] *n.* | جۈمە |
| Saturday | ['sætədi] *n.* | شەنبە |
| do | [du:,du] *aux.*, *v.* | (ياردەمچى پېئىل) |
| most | [məust] *pron.* | كۆپىنچىسى |
| spring | [spriŋ] *n.* | ئەتىياز، باھار، كۆكلەم |
| gay | [gei] *a.* | خۇشاللىق |
| with | [wið] *perp.* | بىللە، ... دىن |
| flower | ['flauə] *n.* | گۈل |
| song | [sɔŋ] *n.* | ناخشا |
| summer | ['sʌmə] *n.* | ياز |
| hot | [hɔt] *a.* | ئىسسىق |
| autumn | ['ɔ:təm] *n.* | كۈز |
| rich | [ritʃ] *a.* | مول، باي |

| | | |
|---|---|---|
| fruit | [fru:t] *n.* | مېۋە ـ چېۋە |
| grain | [grein] *n.* | ئاشلىق، دانلىق |
| | | زىرائەت |
| winter | [ˈwintə] *n.* | قىش |
| bring | [briŋ] *v.* | ئېلىپ كەلمەك |
| snow | [snəu] *n.* | قار |
| new | [nju:] *a.* | يېڭى |
| again | [əˈgen] *ad.* | يەنە، قايتا |

## EVERYDAY ENGLISH

— Hello, Mr. Akbar.
— Hello, Mr. Ablimit.
— This is our new English teacher, Mr. Green.
— How do you do. I'm pleased to meet you, Mr. Green.
— How do you do.

How do you do. ياخشىمۇسىز
meet [mi:t] *v.* كۆرۈشمەك
pleased [pli:zd] *a.* خۇشال



# PHONETICS

## سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوقۇلۇشى

1. تاق سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى

| ھەرپ | ئۇر-غۇلۇق ئوچۇق بوغۇم | مىساللار | ئۇر-غۇلۇق يېپىق بوغۇم | مىساللار | ئۇرغۇسىز بوغۇم | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| a | [ei] | a, name<br>grape | [æ] | cap, bag | [ə]<br>[i] | again, breakfast<br>comrade, village |
| e | [i:] | we, be | [e] | pen, men<br>yes | [ə]<br>[i] | different, student<br>eleven, department |
| i(y) | [ai] | like, my | [i] | it, gym | [i] | English, many |
| o | [əu] | no, those | [ɔ] | on, clock | [ə] | Jackson, London |
| u | [ju:]<br>[u:] | use, tube<br>rule | [ʌ]<br>[u] | cup, such<br>put, push | [ə] | product<br>difficult |

www.uyghurkitap.com

2 . بىر ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇشى

| ھەرپ | چۈشەندۈرۈلۈشى | ئوقۇلۇشى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| c | e ، i ، y نىڭ ئالدىدا | [s] | place, city, bicycle |
| | باشقا ئەھۋاللاردا | [k] | cat, come, cut, class |
| g | e ، i ، y نىڭ ئالدىدا | [dʒ] | gin, gym, large |
| | باشقا ئەھۋاللاردا | [g] | go, big, green |
| s | سۆز بېشىدا، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە قوش يېزىلغان چاغدا | [s] | set, desk, books, glass |
| | باشقا ئەھۋاللاردا | [z] | is, please, flags |
| x | سۆز ئاخىرىدا ياكى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا | [ks] | box, six, text |
| | ئۇرغۇلۇق سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا | [gz] | exist, exam |

3 . ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپ بىرىكمىلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى

| ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى | مىساللار |
|---|---|---|
| ch | [tʃ] | chair, each, China |
| sh | [ʃ] | ship, she, shake |
| th | [θ] | third, thank, fifth |
| | [ð] | this, those, brother |
| ph | [f] | phonetics, physics |
| ts | [ts] | texts, parts, seats |



| | | |
|---|---|---|
| ds | [dz] | words, birds, friends |
| tr | [tr] | train, try, street |
| dr | [dr] | driver, drill, dream |
| ng | [ŋ] | along, thing, building |

## GRAMMAR

### 1 . ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىشى

ئادەم ۋە شەيئىنىڭ ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىشى ئادەتتە جانلىق ۋە جانسىزلار بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئادەتتە ئوخشىمايدىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

1 ) ئادەم ۋە جانلىق نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئادەتتە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا 's(apostrophy[ə'pɔstrəfi'es]) قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

Turgun's brother — تۇرگۇننىڭ ئاكىسى (ئىنىسى)

the girl's bed — بۇ قىزنىڭ كارۋىتى

the dog's teeth — ئىتنىڭ چىشلىرى

s - بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپلۈك ئىسىمنىڭ كەينىگە پەقەت «'» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

the students' classroom — ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپى

| the teachers' notebooks | ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرى |
|---|---|

ئەمما s ـ بىلەن ئاخىرلاشمىغان كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ كەينىگە يەنىلا «'s» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| children's books | بالىلارنىڭ كىتابلىرى |
| men's caps | ئەرلەرنىڭ شەپكىلىرى |

2) جانسىز نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملاردا ئادەتتە of بىلەن تۈزۈلۈپ كەلگەن سۆز بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىگىلىك مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئورنى ئىنقىلاپ كەلگەن سۆزنىڭ كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| the door of the room | ئۆينىڭ ئىشىكى |
| the students of Class Four | تۆتىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى |
| different parts of our country | دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى |

3) ۋاقىت، ئارىلىق، دۆلەت، شەھەر قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملاردا «'s» قوشۇلۇپ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| a day's work | بىر كۈنلۈك خىزمەت |
| four kilometres' walk | تۆت كىلومېتىرلىق يۈرۈش |
| Turpan's grapes | تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى |

## 2. have پېئىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى

1) have پېئىلى «بار» دېگەن مەنىنى يەنى ئىگىدارچىلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئىگە Ⅲ شەخس بىرلىكتە has، باشقا شەخسلەردە have شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

have پېئىلىنىڭ ئىشلىتىلىشنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



### بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى

| | | |
|---|---|---|
| I<br>You<br>We<br>They | have ('ve)<br>have not (haven't) | many English books. |
| He<br>She<br>It | has ('s)<br>has not (hasn't) | a beautiful garden. |

### سوراق ۋە قىسقا جاۋاب شەكلى

| | |
|---|---|
| Have you a car? | Yes, I have. |
| | No, I have not. (No, I haven't.) |
| Has he (she) many books? | Yes, he (she) has. |
| | No, he (she) has not. |
| | No, he (she) hasn't. |

2) بولۇشسىز شەكلىنىڭ ئۈچ خىل ئىپادىلىنىشى

(1) (سانىغىلى بولىدىغان ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم) ئىگە + have (has) + not + any) مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| I have not any brother(s). | مېنىڭ ئاكام (ئۇكام) يوق. |
| He has not any time. | ئۇنىڭ ھېچقانداق ۋاقتى يوق. |

(2) (بۇنىڭ كەينىدە پەقەت سانىغىلى بولىدىغان بىرلىك ئىسىم كېلىدۇ. (ئىگە + have (has) + not + a(an)) مەسىلەن:

I have not a brother. مېنىڭ ئاكام (ئۇكام) يوق.

(3) (بۇنىڭ كەينىگە سانىغىلى بولىدىغان ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم كېلىدۇ) no+ have (has) + ئىگە. not any ياكى no=not a ، لېكىن no بولۇشسىزلىق مەنىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

I have no brother(s). مېنىڭ ئاكام (ئۇكام) يوق.

He has no time. ئۇنىڭ ۋاقتى يوق.

3) any نىڭ have پېئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوراق، بولۇشسىز ۋە جاۋاب شەكلىدىكى ئىشلىتىلىشى سوراق جۈملىدە دائىم any قوللىنىپ، ئۇنىڭ كەينىدە سانىغىلى بولىدىغان ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملار كېلىدۇ. بولۇشسىز شەكلىنىڭ جاۋابىدىمۇ any قوللانسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

Have you any sister(s)? ئاچىڭىز - سىڭلىڭىز بارمۇ؟

Yes, I have. ھەئە، بار.

No, I haven't any. ياق، يوق.

(4) ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ بەزى جايلىرىدا have «بار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، بولۇشسىز شەكلى ۋە سوراق شەكلى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:

I / You / We / They } don't have…. Do { I / you / we / they } have…?

He / She / It } doesn't have…. Does { he / she / it } have…?

I haven't any English book(s). = I don't have any



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

English book(s).

مېنىڭ ئىنگلىزچە كىتابىم يوق.

Have you a watch? = Do you have a watch?

قول سائىتىڭىز بارمۇ؟

She hasn't any bag(s)? = She doesn't have any bag(s).

ئۇنىڭ سومكىسى يوق.

Has she any bag(s)? = Does she have any bag(s)?

ئۇنىڭ سومكىسى بارمۇ؟

## EXERCISES

1. ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇم، يېپىق بوغۇم ۋە r لىق بوغۇمنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار:

add cute top help pipe knock white
best sort tame park girl line born
serve me purse plan size curve fox
thanks dirty list cut side music vote

2. بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇڭلار ۋە ئۇرغۇسىز بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

television ['teli'viʒən], asleep [ə'sli:p], every ['evri] comrade ['kɔmrid], autumn ['ɔ:təm], atom ['ætəm], phonetics [fə'netiks], subject ['sʌbdʒikt], product

['prɔdəkt], palace ['pælis], eleven [i'levn], belong [bi'lɔŋ]

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە جۈملە شەكلىگە دىققەت قىلىڭلار:

1. Have you any pencil? Yes, I have.
   Has she any bowl? No, she hasn't.
   Have you many chairs in your classroom? Yes, we have.
   Have they many flowers in their room? No, they haven't.
   Has he any brothers? Yes, he has.
   How many has he? He has two.
2. Is there a bag on the desk? Yes, there is.
   Are there any factories in your school? No, there aren't.
   How many months are there in a year? There are twelve.
   How many days are there in a week? There are seven.
   What are they? They are Sunday, Monday, Tuesday, Wednesday, Thursday, Friday and Saturday.

4. تۆۋەندىكى ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنىڭ بولۇشسىز، سوراق ھەم جاۋاب شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:



ئۈلگە:

| |
|---|
| I have a bike.<br>I haven't any bike.<br>Have you any bike?<br>Yes, I have.<br>No, I haven't. |

1. He has a large room.
2. I have many different maps.
3. You have a big desk.
4. She has a beautiful cat.
5. We have some history books.
6. They have two children.

5. have, has, haven't, hasn't لارنى ئىشلىتىپ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:

1. Beijing ______ a long history.
2. Jane ______ any daughters.
3. ______ you any cups? No, I ______.
4. Those girls ______ some bottles.
5. I ______ a new clock. He ______ no clock.
6. ______ his father a car? Yes, he ______.

6. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. ئوغۇل بالىنىڭ سومكىسى 2. جېنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

3. دادامنىڭ ساۋاقدىشى
4. چەت ئەل تىللى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى
5. بۇ ھەپتىلىك دەرسلەر
6. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق سېكرېتارىنىڭ ئۆيى
7. سىنىپىڭلارنىڭ دوسكىسى
8. ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ باللىرى

**7. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. سىنىپىڭلاردا قانچە دېرىزە بار؟ ئۈچ دېرىزە بار.
2. مېنىڭ ئىسمىم جېكسون. سىزنىڭ ئىسمىڭىزچۇ؟
3. ئۇلارنىڭ بىر ئوغۇل، ئىككى قىزى بار.
4. سىنىپىڭلاردا رەسىم بارمۇ؟ ھەئە سىنىپىمىزدا تۆت پارچە رەسىم بار.
5. ئۇنىڭ ھەدىسى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.
6. مەكتىپىمىزنىڭ بىرنەچچە چىرايلىق گۈللۈكى بار.
7. ئەركىنىنىڭ ئاپىسىنىڭ چوڭ بىر دۇكىنى بار.
8. ئۆيدە نۇرغۇن ساندۇقلار بار. بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Lesson Twelve ئون ئىككىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | The Seasons |
| دىئالوگ: | Weather |
| گراماتىكا: | 1. ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل<br>2. ئادەتتىكى ھازىرقى زامان<br>3. ئادەتتىكى سوراق جۈملە |
| فونېتىكا: | ئادەتتىكى سوراق جۈملە ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى |

## TEXT

### THE SEASONS

There are four seasons in a year: spring, summer, autumn and winter. Each season has three months.

Spring is the first season of the year. The spring months are March, April and May. In spring, the weather gets warmer and the fields turn green. This is a busy time

for the peasants.

Summer begins in June. Then come July and August. During the summer months, the plants and flowers are at their best.

Next come the autumn months: September, October, and November. Autumn is a wonderful season. The fields are golden with crops. It is the time for harvest and the peasants are very busy.

Winter is the last season of the year. December, January and February are the winter months. It is cold in winter. The days are short and the nights are long. In many places it snows. On New Year's Day, we wish each other a happy New Year.

## DIALOGUE

### WEATHER

— What's the weather like in your home town?

— It's very nice. It's usually warm and sunny in spring and autumn.

— Does it often rain there?

— Yes, it does, especially in summer.

— Is it very cold in winter?

— No, it isn't. It seldom snows there.



## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

| | | |
|---|---|---|
| March | [mɑ:tʃ] *n.* | مارت، 3 ـ ئاي |
| April | ['eiprəl] *n.* | ئاپرېل، 4 ـ ئاي |
| May | [mei] *n.* | ماي، 5 ـ ئاي |
| weather | ['weðə] *n.* | هاۋا، هاۋارايى |
| get | [get] *vi.* | ئۆزگەرمەك |
| warm | [wɔ:m] *a.* | ئىللىق |
| field | [fi:ld] *n.* | ئېتىز |
| turn | [tə:n] *vi., vt.* | ئايلانماق |
| busy | ['bizi] *a.* | ئالدىراش |
| June | [dʒu:n] *n.* | ئىيۇن، 6 ـ ئاي |
| then | [ðen] *ad., conj.* | ئاندىن كېيىن، شۇ چاغدا |
| July | [dʒu'lai] *n.* | ئىيۇل، 7 ـ ئاي |
| August | ['ɔ:gəst] *n.* | ئاۋغۇست، 8 ـ ئاي |
| during | ['djuəriŋ] *prep.* | ... جەرياندا |
| plant | [plɑ:nt] *n.* | ئۆسۈملۈك، زاۋۇت |
| at | [æt, ət] *prep.* | دا، تا، دە، تە |
| best | [best] *a., ad., n.* | ئەڭ ياخشى، ئەڭ ياخشى نەرسە |
| at one's best | | ئەڭ ياخشى هالەتتە |
| next | [nekst] *ad., a.* | كېيىن، ئاندىن كېيىن، كېيىنكى |
| September | [səp'tembə] *n.* | سېنتەبىر، 9 ـ ئاي |

| | | |
|---|---|---|
| October | [ɔk'təubə] *n.* | ئـۆكتەبىر، 10 ـ ئاي |
| November | [nəu'vembə] *n.* | نويابىر، 11 ـ ئاي |
| wonderful | ['wʌndəful] *a.* | ئېسىل، بەك ياخشى |
| golden | ['gəuldən] *a.* | ئالتۇن رەڭلىك |
| crop | [krɔp] *n.* | زىرائەت |
| harvest | ['hɑ:vist] *n.*, *vt.* | يىغىم، يىغماق |
| last | [lɑ:st] *a.*, *ad.* | ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىردا |
| December | [di'sembə] *n.* | دېكابىر، 12 ـ ئاي |
| January | ['dʒænjuəri] *n.* | يانۋار، 1 ـ ئاي |
| February | ['februəri] *n.* | فېۋرال، 2 ـ ئاي |
| cold | [kəuld] *a.* | سوغۇق |
| short | [ʃɔ:t] *a.* | قىسقا |
| place | [pleis] *n.* | ئورۇن، جاي |
| wish | [wiʃ] *vt.*, *n.* | ئـۈمىد قىلماق، ئۈمىد |
| happy | ['hæpi] *a.* | خۇشال |

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

| | | |
|---|---|---|
| dialogue | ['daiəlɔg] *n.* | دىئالوگ |
| like | [laik] *prep.* | …غا ئوخشاش، ـ دەك/ ـ تەك |
| home | [həum] *n.* | ئۆي |
| town | [taun] *n.* | بازار |



| | | |
|---|---|---|
| home town | ['həum 'taun] *n.* | يۇرت (يۇرتى بازاردا بولسا) |
| nice | [nais] *a.* | ياخشى |
| usually | ['ju:ʒuəli] *ad.* | ئادەتتە |
| sunny | ['sʌni] *a.* | (ھاۋا) ئوچۇق |
| often | ['ɔ(:)fn] *ad.* | دائىم |
| rain | [rein] *vi.*, *n.* | ياغماق، يامغۇر |
| especially | [is'peʃəli] *ad.* | بولۇپمۇ |
| seldom | ['seldəm] *ad.* | ئاندا ـ ساندا |

### EVERYDAY ENGLISH

— Do you have any money on you, Mr. Dolkun?
— Let me see. Yes, I have ten yuan.
— That's not enough.
— I'm sorry. It's all I have.
— It doesn't matter.

money ['mʌni] *n.* پۇل  see [si:] *vt.* قارىماق، كۆرمەك
enough [i'nʌf] *a.*, *ad.* يېتەرلىك.
matter ['mætə] *vt.* مۇھىم بولماق

## Notes to the Text

1. … The spring months are March, April and May.

… باھار ئايلىرى مارت، ئاپرېل ۋە ماي.
ئىنگلىز تىلىدا ئاي ناملىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ، ئەمما پەسىل ناملىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. In spring, the weather gets warmer and the fields turn green.

باھاردا ھاۋا ئىللىشقا باشلايدۇ، ئېتىزلار كۆكىرىدۇ.

بۇ يەردىكى get, turn نىڭ ئىككىلىسى كېسىم پېئىل، warmer بولسا warm غا er— قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە شەكلى بولۇپ، بۇ يەردىكى er— قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى «-راق /- رەك» كە توغرا كېلىدۇ.

3. During the summer months, the plants and flowers are at their best.

ياز ئايلىرىدا دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بۈك - باراقسان بولىدۇ.

4. The fields are golden with crops.

زىرائەتلەر پىشىپ كەتكەچكە، ئېتىزلار ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ.

بۇ جۈملىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى with «چۈنكى» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. On New Year's Day, we wish each other a happy New Year.

يېڭى يىل كۈنى بىز ئۆزئارا يېڭى يىلنى قۇتلۇقلىشىمىز.

## GRAMMAR

### 1. ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل

ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللار مۇستەقىل پېئىل، ياردەمچى پېئىل، كېسىم پېئىل ۋە تۇسلۇق پېئىلدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل پېئىل مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە خەۋەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل



قىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار خەۋەر پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مۇستەقىل پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل (.the transitive verb (vt ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل (.the intransitive verb (vi دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆتۈملۈك پېئىل چوقۇم تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىمىز.

We study English.
vt.

ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسى (ئاچىسى) بار.

He has two sisters.
vt.

ئۆتۈمسىز پېئىللار ئۆزى مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولغاچقا، تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدۇ. مەسىلەن:

His father and elder sister teach in a school.
vi.

ئۇنىڭ دادىسى ۋە ھەدىسى مەكتەپتە دەرس ئۆتىدۇ.

Ahmat goes to school every day.
vi.

ئەخمەت ھەر كۈنى مەكتەپكە بارىدۇ.

بەزى پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تارىخ ئۆگىنىدۇ.

She studies history.
vt.

We study in Xinjiang University.
vi.

بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمىز.

www.uyghurkitap.com

## 2. ئادەتتىكى ھازىرقى زامان

ئىنگلىز تىلىدا ئوخشىمايدىغان ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولغان ھالەت ئوخشىمايدىغان پېئىل شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

She is a nurse. ئۇ سېستىرا

She was a student. ئۇ ئوقۇغۇچى ئىدى.

She will be a doctor. ئۇ دوختۇر بولىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى is, was, will be ئەسلىدە بىر be پېئىلى بولۇپ، «بولسا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ھازىر بولسا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندە is، «بولغانىدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندە was، «بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندە will be قوللىنىلىدۇ. پېئىلنىڭ مۇشۇنداق ئوخشىمىغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولغان ھالەتنى ئىپادىلەپ كەلگەن شەكلىنى زامان دەيمىز.

ئىنگلىز تىلىدا جەمئىي 16 خىل زامان بولۇپ، ئادەتتىكى ھازىرقى زامان ئۇنىڭ ئىچىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان بىر خىل زاماندۇر.

1. ئادەتتىكى ھازىرقى زاماننىڭ شەكلى

بۇ زاماندا بايان جۈملىدە Ⅲ شەخس بىرلىكتىن سىرت قالغان شەخسلەردە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى قوللىنىلىدۇ. Ⅲ شەخس بىرلىكتە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە es- ياكى s-قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ (be پېئىلى بىلەن have پېئىلى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ يەردىكى es- ۋە s- نىڭ قوشۇلۇش ۋە ئوقۇلۇش قائىدىسى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىدىكى قوشۇلۇش ۋە ئوقۇلۇش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

like → likes [laiks] turn → turns [tə:nz]

snow → snows [snəuz] study → studies [ˈstʌdiz]



teach → teaches [ˈti:tʃiz] go → goes [gəuz]

close → closes [ˈkləuziz] sit → sits [sits]

wish → wishes [ˈwiʃiz]

### ئادەتتىكى پېئىللارنىڭ ئادەتتىكى ھازىرقى زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى

| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I / You } work here. | I / You } don't work here. | Do {I / you} work here? |
| He / She } works here. | He / She } doesn't work here. | Does {he / she} work here? |
| We / You / They } work here. | We / You / They } don't work here. | Do {we / you / they} work here? |

### be پېئىلىنىڭ ئادەتتىكى ھازىرقى زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى

| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I am a student. | I am not a student. | Am I a student? |
| You are a student. | You aren't a student. | Are you a student? |
| He / She } is a student. | He / She } isn't a student. | Is {he / she} a student? |
| We / You / They } are students. | We / You / They } aren't students. | Are {we / you / they} students? |

ئىزاھات:

1) ئادەتتىكى ھازىرقى زاماننىڭ بولۇشسىز شەكلىنىڭ

تـوزۇلـۇشـى ئـىـكـكـى خىل بولىدۇ. ئادەتتىكى پېئىللاردىكى
بولۇشسىز شـەكلـى پېئىلـنىـڭ ئەسلى شـەكلىـنىڭ ئالدىغا
do (does) + not ياردەمچى پېئىل قوشۇلۇش بىلەن تۈزۈلىدۇ.
مەسىلەن:

They do not (don't) come here every day.

ئۇلار بۇ يەرگە ھەر كۈنى كەلمەيدۇ.

He does not (doesn't) go to school.

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ.

do not بىلەن does not نىڭ قىسقارتىلمىسى don't [dəunt] ۋە doesn't ['dʌznt] شەكلىدە بولىدۇ.
be پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى be پېئىلىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنىڭ كەينىگە not قوشۇلۇش بىلەن تۈزۈلىدۇ. are not ۋە is not بىلەن نىڭ قىسقارتىلمىسى aren't [ɑ:nt] ۋە isn't ['iznt] شەكلىدە بولىدۇ.

2) have پېئىلىنىڭ سوراق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ئەگەر «ئىگىدارچىلىق» نى ئىپادىلىسە سوراق شەكلى "Have (has) + ئىگە ...?" دېگەن شەكىل، بولۇشسىز شەكلى "ئىگە + have (has) + not..." دېگەن شەكىل قوللىنىلىدۇ ۋە have not, has not نىڭ قىسقارتىلمىسى haven't ['hævnt]; hasn't ['hæznt] شەكلىدە بولىدۇ.
مەسىلەن:

Have you any English book? Yes, I have.

سىزنىڭ ئىنگلىزچە كىتابىڭىز بارمۇ؟ ھەئە، بار.

He hasn't any bike. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتى يوق.

Has she many notebooks? No, she hasn't many.

ئۇنىڭ نۇرغۇن خاتىرە دەپتىرى بارمۇ؟ يوق. ئۇنىڭ نۇرغۇن (خاتىرە دەپتىرى) يوق.



They haven't two tape-recorders.

ئۇلارنىڭ ئىككى ئۈنئالغۇسى يوق.

(2) ئەگەر ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كەلسە "Do (Does) + ئىگە + have + ...?" شەكلى قوللىنىلىدۇ. "ئىگە + don't (doesn't) + have + ..." بولۇشسىز شەكلى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

Do you have dictation every Monday? Yes, we do.

سىلەر ھەر دۈشەنبە كۈنى ئىنشا يازامسىلەر؟ ھەئە، يازىمىز.

Does he have lunch (['lʌntʃ] چۈشلۈك تاماق) at twelve? No, he doesn't.

ئۇ سائەت 12 دە چۈشلۈك تاماق يەمدۇ؟ ياق، يېمەيدۇ.

We don't have supper (['sʌpə] كەچلىك تاماق) at 5:30.

بىز سائەت 5:30 دا كەچلىك تاماق يېمەيمىز.

She doesn't have breakfast (['brekfəst] ناشتا) at 6:30.

ئۇ سائەت 6:30 دا ئەتىگەنلىك تاماق يېمەيدۇ.

2. ئادەتتىكى ھازىرقى زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

1) دائىملىق ھەرىكەت ياكى ھازىر مەۋجۇت بولغان ھالەتنى ئىپادىلىگەندە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

We get up at six every morning.

بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن ئالتىدە ئورنىمىزدىن تۇرىمىز.

He is a doctor.

ئۇ دوختۇر.

There are two blackboards in our classroom.

سىنىپىمىزدا ئىككى دوسكا بار.

She has three red pens.

ئۇنىڭ ئۈچ دانە قىزىل قەلىمى بار.

2) ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.
مەسىلەن:

One plus ([plʌs] پىلۇس، قوشماق) one is two.

بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ.

### 3 . ئادەتتىكى سوراق جۈملە

ئىنگلىز تىلىدا ئادەتتىكى سوراق جۈملە، ئالاھىدە سوراق جۈملە، تاللانما سوراق جۈملە ۋە قايتۇرما سوراق جۈملىدىن ئىبارەت تۆت خىل سوراق جۈملە بار.

مەلۇم بىر ئەھۋالنىڭ ئەمەلىي بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدىكى سوراق جۈملىنى ئادەتتىكى سوراق جۈملە دەپ ئاتايمىز. ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە yes ياكى no دەپ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ.

بىز ھازىرغىچە ئۆگەنگەن ئادەتتىكى سوراق جۈملە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

| ?… كېيىنكى خەۋەر + ئىگە + كېسىم پېئىل |
|---|

Are you in Class Six? سىز ئالتىنچى سىنىپتىمۇ؟
Yes, I am. ھەئە، شۇنداق.
No, I'm not. ياق، ئۇنداق ئەمەس.

| ?… تولدۇرغۇچى + ئىگە + have (has) پېئىل |
|---|

Has the boy any kites? بۇ ئوغۇل بالىنىڭ لەگلىكى بارمۇ؟
Yes, he has. ھەئە، بار.
No, he hasn't. ياق، يوق.

ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

Does the boy have any kites? بۇ ئوغۇل بالىنىڭ لەگلىكى بارمۇ؟
Yes, he does. ھەئە، شۇنداق.
No, he doesn't. ياق، يوق.

| ? ھالەت + ئىگە+ Is (Are) there |
|---|

Is there any map in your room? ئۆيىڭىزدە خەرىتە بارمۇ؟



Yes, there is. ھەئە، بار.
No, there isn't. ياق، يوق.

| پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + ئىگە + Do (Does) ياردەمچى پېئىل + باشقا بۆلەكلەر ? |
|---|

Do you study history? سىز تارىخ ئۆگىنەمسىز؟
Yes, I do. ھەئە، شۇنداق.
No, I don't. ياق، ئۇنداق ئەمەس.

## PHONETICS

### ئادەتتىكى سوراق جۈملە ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى

1 . ئادەتتىكى سوراق جۈملىدە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ.

2 . ئادەتتىكى سوراق جۈملىدە بىرىنچى سۆز (be پېئىل، have پېئىل ياكى ياردەمچى پېئىل do) ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

3 . جاۋاب بېرىلگەندە، Yes بىلەن No ئۆزى يەككە ئىنتوناتسىيە گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ.

4 . قىسقارتىلغان جاۋابتىكى be پېئىلى، have پېئىلى ياكى ياردەمچى پېئىل do ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.



Is he a peasant? Yes, he is.



www.uyghurkitap.com



Do you speak English? No, I don't.

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە e ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. we, me, he, be, she

bed, help, member, twelve, desk

e ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

e ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

2. bee, meet, fourteen, feet, seed

leave, please, teacher, clean, team

ھەرپلەر بىرىكمىسى ee نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

ھەرپلەر بىرىكمىسى ea نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنتوناتسىيىگە دىققەت قىلىپ ئوقۇڭلار:

1. Is your classroom clean?
2. Are there any tables in the room?
3. Has he any beautiful pictures?
4. Do they all study hard?



5. Does she teach in a university?

3. تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ Ⅲ شەخس بىرلىك شەكلى ۋە قوشۇمچىسىنىڭ ئوقۇلۇشىنى يېزىپ چىقىڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| do | wish | study | go |
| live | help | close | open |
| like | change | sit | get |
| teach | bring | begin | come |

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ بولۇشسىز، سوراق ۋە جاۋاب شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:

1. Jane's mother is an English teacher.
2. The Jacksons have a beautiful garden.
3. She has two classes every afternoon.
4. There are some universities in our city.
5. His elder sister likes winter.
6. We always help each other in our study.

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىڭلار:

1. There are five books on his desk.
2. The peasants are very busy during the spring months.
3. My brother studies English in Urumqi.
4. The doctor has two sons and a daughter.
5. Does it often snow here in winter?

6. تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى ھازىرقى زامان بىلەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:

1. My sister ______ (go) to school at 8 in the morning.
2. There ________ (be) five people in her family.
3. ________ (be) he your younger brother?
4. I ________ (read) English every morning.

www.uyghurkitap.com

5. Tayir ________ (not teach) physics every Wednesday.
6. ______ it ______ (get) warm here in April?
7. You ________ (have) a nice cap.
8. We ________ (not study) in that school.

**7. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

1. How many seasons are there in a year? What are they?
2. What months are the spring months?
3. What is the last month of the year?
4. What is the first season of the year?
5. Is it very cold here in spring?
6. Do the fields look beautiful in summer?
7. Are the peasants very busy in autumn?
8. Are the days long and the nights short in winter?
9. Does it snow in many places in winter?

**8. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. 12 ـ ئاي بىر يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېيى.
2. 4 ـ ئايدا ھاۋا ئىللىشقا باشلايدۇ.
3. بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ؟
— ياق، بۇ ئەنۋەرنىڭ ئۆيى.
4. سىڭلىڭىز ھەر كۈنى مەكتەپكە بارامدۇ؟
— ھەئە، ئۇ ئەتىگەندە بارىدۇ.
5. ئاينۇر بىلەن ئالىم ساۋاقداش. ئۇلار ئۆگىنىش جەھەتتە ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ.
6. سىنىپىڭلاردا ئۇنئالغۇ بارمۇ؟ ھەئە، بار.
7. ياز پەسلىدىكى ئايلار ئىيۇن، ئىيۇل ۋە ئاۋغۇست.
8. دادام قەشقەردە ئەمەس، خوتەندە.



# Lesson Thirteen ئون ئۈچىنچى دەرس

تېكىست: A Bookcase Speaks
دىئالوگ: My Home
گرامماتىكا: 1. ئالاھىدە سوراق جۈملە
2. جۈملە تۈرلىرى 3. شەخسسىز lt
فونېتىكا: ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى

## TEXT

### A BOOKCASE SPEAKS

I'm a bookcase. I'm brown. I stand in a corner of Professor Hunter's study all the year round. I have a lot of friends: books, magazines and newspapers. They are in English, French, German and some other languages. They all belong to Professor Hunter. Professor Hunter loves his books very much. He always uses them carefully. They are such a great help to him.

Professor Hunter and his wife take good care of me.

I like Mr. and Mrs. Hunter, but I don't like Tommy. Tommy is their little son. He's always making trouble for me. Still I love the Hunter family. I love to live with them and be useful to the professor in his work.

## DIALOGUE

### MY HOME

— Where is your home?
— It is in Hotan.
— Oh, do you live near the textile mill?
— Yes, my mother is a worker there.
— And what does your father do?
— He works in a hospital.
— Have you any brothers and sisters?
— Yes, two brothers and a sister. My elder brother is in the army. My younger brother is at middle school.My sister studies biology in Xinjiang University.

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

| | | |
|---|---|---|
| bookcase | ['buk,keis] *n.* | كىتاب جازىسى |
| speak | [spi:k] *vt.*, *vi.* | سۆزلىمەك |
| brown | [braun] *a.*, *n.* | خورمارەڭ، خورما ـ رەڭلىك |



| | | |
|---|---|---|
| corner | ['kɔ:nə] *n.* | بۇلۇڭ |
| professor | [prə'fesə] *n.* | پروفېسسور |
| Hunter | ['hʌntə] *n.* | خانتېر |
| study | ['stʌdi] *n.* | ئۆگىنىش ئۆيى |
| round | [raund] *ad.*, *a.* | ئايلىنىپ، يۇمىلاق |
| all the year round | | يىل بويى |
| friend | [frend] *n.* | دوست، ئاغىنە |
| magazine | [,mægə'zi:n] *n.* | ژۇرنال |
| newspaper | ['nju:s,peipə] *n.* | گېزىت |
| French | [frentʃ] *a.*, *n.* | فرانسىيىنىڭ، فرانسۇزچە، فرانسۇز تىلى |
| German | ['dʒə:mən] *a.*, *n.* | گېرمانىيىنىڭ، نېمىسچە، نېمىس تىلى |
| belong | [bi'lɔŋ] *vi.* | تەۋە بولماق |
| belong to | | ... غا تەۋە بولماق |
| much | [mʌtʃ] *a.*, *n.*, *ad.* | كۆپ، نۇرغۇن، ئىنتايىن، بەك |
| use | [ju:z] *vt.* [ju:s] *n.* | ئىشلەتمەك، ئىشلىتىلىشى |
| them | [ðem, ðəm] *pron.* | ئۇلارنى |
| carefully | ['kɛəfuli] *ad.* | ئېھتىيات بىلەن، تەپسىلىي |
| such | [sʌtʃ] *a.* | مۇشۇنداق |
| great | [greit] *a.* | ئۇلۇغ، بۈيۈك |
| him | [him] *pron.* | ئۇنى (ئەرلەرگە) |
| wife | [waif] *n.* | ئايال |
| take | [teik] *vt.* | ئالماق |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

care ['kɛə] *n.* كۆڭۈل بۆلمەك، ئېھتىيات

take care of كۆڭۈل بۆلمەك

Mr. ['mistə] *n.* ئەپەندىم (mister نىڭ قىسقارتىلمىسى)

Mrs. ['misiz] *n.* خانىم (mistress نىڭ قىسقارتىلمىسى)

Tommy ['tɔmi] *n.* تومىي

their [ðɛə] pron. ئۇلارنىڭ

little ['litl] *a.* كىچىك

make [meik] *vt.* ياسىماق، قىلماق

trouble ['trʌbl] *n.* ئاۋارىچىلىك

make trouble خاپىلىق قىلماق، ئاۋارىچىلىك تاپماق

still [stil] *ad.* يەنىلا

live [liv] *vi.* تۇرماق

useful ['ju:sful] *a.* كېرەكلىك

be useful to ... گە كېرەكلىك

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

oh [əu] *int.* ئۇ، (ئۈندەش سۆز)

near [niə] *prep.* ... يېنىدا

textile ['tekstail] *n.* توقۇمىچىلىق

mill [mil] *n.* فابرىكا، زاۋۇت

elder ['eldə] *a.* چوڭ (ياشتا چوڭ بولغان)



army ['ɑ:mi] *n.* ئارمىيە

younger ['jʌŋgə] *a.* كىچىك (ياشتا كىچىك بولغان)

middle ['midl] *a.,n.* ئوتتۇرا، ئوتتۇرىدىكى

biology [bai'ɔlədʒi] *n.* بىئولوگىيە

### EVERYDAY ENGLISH

—May I know your name?

—Sure. My name is Halik.

—What do you do?

—I work in the Friendship Department Store.

may [mei] *mod.v.* بولماق، know [nəu] *vt.* بىلمەك، sure [ʃuə] *ad.* ئەلۋەتتە، friendship ['frendʃip] *n.* دوستلۇق، department store تۈرلۈك ماللار دۇكىنى

## Notes to the Text

1. A Bookcase Speaks. «كىتاب جازىسىنىڭ بايانى»

بۇ تېكىستە I شەخس بىرلىك بايان شەكلىدە، جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

2. They are in English, French, German and some other languages.

ئۇلار ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە ۋە باشقا بىرنەچچە خىل تىلدا يېزىلغان.

speak in English ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەش

3. such a great help — مۇشۇنداق زور ياردەم

بۇ تۈردىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئېنىقسىز ئارتىكلىنىڭ ئورنىغا دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

such a big cat — بۇنداق چوڭ مۈشۈك

such a beautiful garden — مۇشۇنداق چىرايلىق گۈللۈك

4. Tommy is their little son.

تومى ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى.

Little گەرچە «كىچىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن دائىم ھېسسىي تۈسنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a nice little girl — بىر ئوماق قىزچاق

a poor little boy — بىر بىچارە كىچىك ئوغۇل بالا

5. He's always making trouble for me.

ئۇ دائىم مېنى خاپا قىلىدۇ.

ئىزچىل زامانغا always غا ئوخشاش ھالەتلەر ئەگىشىپ كەلسە، دائىم سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

He is always coming late [leit] (كېچىكىپ) for class. — ئۇ دائىم دەرسكە كېچىكىپ كېلىدۇ (بۇ جۈملىدە نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ).

They are always helping each other. — ئۇلار دائىم ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ (بۇ جۈملىدە ماختاش، رازى بولۇشنى بىلدۈرىدۇ).

## GRAMMAR

**1. «ئالاھىدە سوراق جۈملە»**

«كىم»، «نېمە»، «قەيەر» قاتارلىق سوراق سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوراق جۈملىنى ئالاھىدە سوراق جۈملە دەپ



ئاتايمىز.

بۇ خىل سوراق جۈملە ئادەتتە سوراق سۆز بىلەن باشلىنىپ كېلىدۇ، ئوقۇغاندا تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ.

سوراق سۆز — سوراق ئالماش ۋە سوراق رەۋىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سوراق ئالماش who، whom [hu:m] (who نىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) whose [hu:z] (كىمنىڭ)، what، which (قايسى)، when، where، how (نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن why[wai]) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ جۈملە تەرتىپى كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى سوراق جۈملە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت سوراق سۆز ياكى سۆز ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ياكى سۈپەت بىرلىكتە جۈملە بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

Who is that boy over there?

ئاۋۇ يەردىكى ئوغۇل بالا كىم؟

What do you do on Sunday?

يەكشەنبە كۈنى نېمە ئىش قىلىسىز؟

How is the weather today? — بۈگۈن ھاۋا قانداقراق؟

When do you get up every morning?

سىز ھەر كۈنى ئەتىگەن قانچىدە ئورنىڭىزدىن تۇرىسىز؟

How many history books do you have?

سىزنىڭ قانچە تارىخ كىتابىڭىز بار؟

Which class is he in? — ئۇ قايسى سىنىپتا؟

Whose bag is this? — بۇ كىمنىڭ سومكىسى؟

Where do they come from? — ئۇلار قەيەردىن كەلگەن؟

ئەگەر سوراق سۆزنىڭ ئىپادىلىگىنى ئىگە بولسا ياكى ئىگىنى ئېنىقلاپ كەلسە، بۇ چاغدا سوراق جۈملىدە ئادەتتە بايان جۈملىنىڭ جۈملە تەرتىپى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Who lives is this room? — بۇ ئۆيدە كىم تۇرىدۇ؟

Whose mother works in a textile mill?
كىمنىڭ ئانىسى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدۇ؟

جۈملە بۆلەكلىرىگە سوئال قويۇلغاندا ئالاھىدە سوراق جۈملە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

My sister reads her French texts in the classroom every afternoon.
مېنىڭ سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇيدۇ.

ئىگىگە سوئال:

Who reads her French texts in the classroom every afternoon?
كىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇيدۇ؟

ئىگىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا سوئال:

Whose sister reads her French texts in the classroom every afternoon?
كىمنىڭ سىڭلىسى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇيدۇ؟

بۇلاردىن سىرت باشقا تەركىبلەرگىمۇ سوئال قويۇلغاندا، سوراق سۆز ياكى سوراق سۆز ئىبنىقلاپ كەلگەن سۆز بىللە جۈملە بېشىدا كېلىپ بۇنىڭ كەينىدە ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ جۈملە تەرتىپى كېلىدۇ.

| |
|---|
| **Does my sister read her French texts in the class - room every afternoon?** |

مېنىڭ سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇمدۇ؟

خەۋەرگە سوئال:



www.uyghurkitap.com

What does my sister do in the classroom every afternoon?
سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

تولدۇرغۇچىغا سوئال:

What does my sister read in the classroom every afternoon?
سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا نېمىنى ئوقۇيدۇ؟

تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا سوئال:

What texts does my sister read in the classroom every afternoon?
سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپتا نېمە تېكىست ئوقۇيدۇ؟

ئورۇن ھالەتكە سوئال:

Where does my sister read her French texts every afternoon?
سىڭلىم ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن نەدە فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇيدۇ؟

ۋاقىت ھالەتكە سوئال:

When does my sister read her French texts in the classroom?
سىڭلىم قاچان سىنىپتا فرانسۇزچە تېكىستنى ئوقۇيدۇ؟

## 2. جۈملە تۈرلىرى

ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەر ئىشلىتىش مەقسىتىگە قاراپ بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) بايان جۈملە: مەلۇم بىر ئەمەلىيەتنى ياكى

سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بايان قىلىپ كەلگەن جۈملىنى بايان جۈملە دەيمىز. بايان جۈملىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ. جۈملە ئاخىرىغا چېكىت «.» قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

He is an old man. ئۇ ياشانغان ئادەم.

They don't like my bike.

ئۇلار مېنىڭ ۋېلسىپىتىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

2) سوراق جۈملە: سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل گۇمانى، سوئالنى ئىپادىلەپ قاق كېلىدىغان جۈملە سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملە ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى «؟» قويۇلىدۇ. سوراق جۈملە ئادەتتىكى سوراق جۈملە، ئالاھىدە سوراق جۈملە، قايتۇرما سوراق جۈملە ۋە تاللانما سوراق جۈملىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز ھازىرغىچە ئالدىنقى ئىككى قىسمىنى ئۆگەندۇق، كېيىنكى ئىككى تۈرى ئايرىم سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن:

Do you love to live with him?

ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالامسىز؟

How many departments are there in your university?

ئۇنىۋېرسىتېتىڭلاردا قانچە فاكۇلتېت بار؟

3) بۇيرۇق جۈملە: سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئۆتۈنۈشىنى، تەكلىپىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇيرۇق جۈملىدە جۈملە ئىگىسى You ئادەتتە قىسقارتىۋېتىلىدۇ. I ، Ⅲ شەخستىكى بۇيرۇق جۈملىلەر ئادەتتە Let بىلەن باشلىنىپ كېلىدۇ. خەۋەر پېئىل، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بولىدۇ. بۇ خىل جۈملىدە بولۇشسىز شەكىلدە خەۋەر پېئىلنىڭ ئالدىغا don't قوشۇلىدۇ. جۈملە ئاخىرىغا چېكىت «.» ياكى ئۈندەش بەلگىسى «!» قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

Come and have lunch with us.

كېلىپ بىز بىلەن چۈشلۈك تاماق يەڭ.



Stand up! تۇرۇڭ!

Don't go there. ئۇ يەرگە بارماڭ.

Don't be late. كېچىكمەڭ.

Let him do the work. بۇ ئىشنى ئۇ قىلسۇن.

4) ئۈندەش جۈملە: سۆزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش، ھەيران قېلىش، غەزەپلىنىش، ماختاش قاتارلىق كۈچلۈك ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملە ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈندەش جۈملە كۆپ ھاللاردا What ياكى How بىلەن باشلىنىپ كېلىدۇ. What ئىسىمنى ئېنىقلاپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. How سۈپەت، رەۋىش ياكى پېئىلنى ياساپ كېلىپ ھالەت بولىدۇ. جۈملە ئاخىرىغا كۆپ ھاللاردا ئۈندەش بەلگىسى «!» قويۇلىدۇ. بۇ تۈردىكى جۈملىلەر كۆپىنچە قىسقارتىلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

What a nice day (it is)!

نېمىدېگەن ياخشى كۈن ـ ھە؟

How well she speaks German!

ئۇ نېمىس تىلىنى نېمىدېگەن ياخشى سۆزلەيدۇ ـ ھە!

How big the classroom is!

بۇ سىنىپ نېمىدېگەن چوڭ ـ ھە!

How Professor Hunter loves his books!

پىروفېسسور خانتېر كىتابلىرىنى نېمانداق ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە!

### 3. شەخسسىز it

it كىشىلىك ئالماشتىن باشقا يەنە ھاۋارايى، پەسىل، ۋاقىت، ئارىلىق قاتارلىق شەخسسىز ئۇقۇملارنى بىلدۈرەلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ جۈملىدە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

It is cold here.

It is summer now.

It is five o'clock.

It is not far ([fɑː]يىراق)from our school to the hos-pital.

مەكتىپىمىز دوختۇرخانىغا يىراق ئەمەس.

## PHONETICS

### ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى

ئالاھىدە سوراق جۈملىدە پەسەيگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ. جۈملە بېشىدىكى سوراق سۆز ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:



Who are they?



What's your name?



Where is he from?

## EXERCISES

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، i(y) ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:**

1. I, my, bike, time, write

it, pick, bring, begin, winter;

i(y) ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

i(y) ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

2. night, fight, high

ھەرپلەر بىرىكمىسى igh نىڭ ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

**2. who, what, when, where, how, how many, why**

1. ________ do you work?
2. ________ are the boys over there?
3. ________ newspapers do you like to read?
4. ________ brothers and sisters does Yasin have?
5. ________ do we study English?
6. ________ do they help each other?
7. ________ does school begin?
8. ________ language does Mary study?

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىلغان قىسمىغا سوئال قويۇڭلار:**

1. It often rains in May.
2. That is Ekrem's magazine.
3. My brother studies physics at a teachers college.
4. Reyhan often goes to bed at half past ten.
5. There are five pencils in the bag.
6. Kutluk likes to come here.
7. My classmates work very hard.
8. We have French classes on Wednesday morning.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

1. We read the texts every day.
2. How many classes do you have on Monday?
3. Let us go home and have a rest. ([rest] (دەم ئېلىش)
4. He doesn't like his new work.
5. What a beautiful girl she is!
6. How well she speaks French!
7. Sit down, please!
8. Is this the picture of your family?

5. كىشىلىك ئالماشنىڭ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش شەكلىنى قوللىنىپ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:

1. The boy is always making trouble for ____ (مەن).
2. ________ (ئۇلار) are my good friends.
3. John is Jane's brother.____ (ئۇ) speaks French well. Do you know ([nəu] تونۇماق) ______ (ئۇ)?
4. Professor Hunter has a lot of books. He loves ________ (ئۇلار).
5. The teacher often helps ____ (بىز) with our lessons.
6. ______ (ئۇ) is his mother. He likes ____ (ئۇ) very much.
7. The book is very useful to ______. (بىز)

6. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1. Where does the bookcase stand?
2. Does it have many friends? Who are they?



3. Does Professor Hunter love books?
4. Who is Tommy?
5. Why doesn't the bookcase like Tommy?
6. Is the bookcase very useful to the professor?

7. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىڭلار:

1. بىزنىڭ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا
2. يېڭى يىل بايرىمى
3. ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەك
4. باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش
5. خەلققە پايدىلىق
6. توقۇمىچىلىق فابرىكىسى

8. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. قىشتا ئۈرۈمچى بەك سوغۇق بولىدۇ.
2. بۈگۈن دۈشەنبە، بىزنىڭ تۆت سائەت ئىنگلىز تىلى دەرسىمىز بار.
3. ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇق دادامنىڭ.
4. باھار پەسلى ياخشى پەسىل. بىز باھار پەسلىنى ياخشى كۆرىمىز.
5. ئۇ يىل بويى ئىنتايىن ئالدىراش.
6. بۇ جاينى ياخشى كۆرەمسىز؟
7. بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللۈك ـ ھە؟
8. بىز گېزىت ـ ژۇرناللارنى ناھايىتى ئاسرايمىز. ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# Lesson Fourteen ئون تۆتىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | Sunday in the Park |
| دىئالوگ: | An Outing |
| گرامماتىكا: | 1. ئىزچىل هازىرقى زامان |
| | 2. پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى be+going+to نىڭ ئىشلىتىلىشى |
| | 3. ساناق سان |
| فونېتىكا: | 1. قوشۇپ ئوقۇش |
| | 2. سىنتاگما ۋە پائۇزا |

## TEXT

### SUNDAY IN THE PARK

It is Sunday. There are hundreds and hundreds of people in the park. Some are walking by the lake. Others are sitting on the benches and chatting. Over there under a huge pine tree, a group of boys and girls are playing games. Nearby, an interesting game of chess is going on



between two old men. Some people are watching.

Near a flower garden, two white-haired old women are knitting in the sunshine. Their grandchildren are playing on the grass. Not far off, some students are singing and dancing.

It is Sunday in the park. Everybody is having a good time after a week of work and study.

## DIALOGUE

### AN OUTING

— Hi, what are you doing here?
— I'm waiting for my classmates. We meet here at a quarter to eight. We are going to the Heavenly Lake.
— How nice! It's lovely weather! This is really the best season for an outing.
— I'm afraid there are always large numbers of tourists there. They're all eager to see the sights.
— Would you like to join us?
— I'd like to, only I'm working today. Our office hours begin at 8. I hope you'll have a good time.
— Thanks. So long!

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

park [pɑ:k] *n.* باغچا

hundred ['hʌndrid] *num.* يۈز

walk [wɔ:k] *vi.,n.* ماڭماق

by [bai] *prep* ... يېنىدا، ... ئارقىلىق

lake [leik] *n.* كۆل

other ['ʌðə] *pron,a.* باشقا

chat [tʃæt] *vi,n.* پاراڭلاشماق

over there ئاۋۇ يەردە

under ['ʌndə] *prep.* ... ئاستىدا

huge [hju:dʒ] *a.* زور، بۈيۈك، چوڭ

pine [pain] *n.* قارىغاي

tree [tri:] *n.* دەرەخ

group [gru:p] *n.* گۇرۇپپا، توپ

a group of بىر توپ

play [plei] *vt.* ئوينىماق

game [geim] *n.* ئويۇن

nearby ['niəbai] *ad.* ... ئەتراپىدا

interesting ['intristiŋ] *a.* قىزىقارلىق، قىزىق

chess [tʃes] *n.* شاھمات

go on داۋاملىشىش

between [bi'twi:n] *prep.* ... ئارىسىدا (ئىككى ئادەم
ياكى شەيئىنىڭ ئارىسىدا)

watch ['wɔtʃ] *vt.,vi.* قارىماق، كۆرمەك

white [wait] *a.* ئاق، ئاق رەڭلىك

hair [hɛə] *n.* چاچ

white-haired ['wait'hɛəd] *a.* ئاق چاچلىق

woman ['wumən] *n.* (pl.women ['wimin])
ئايال (ئاياللار)

knit [nit] *vi.,vt* توقۇماق



sunshine ['sʌnʃain] *n.* قۇياش نۇرى

grandchild ['grændtʃaild] *n.*(pl.grandchildren['grændtʃildrən])
نەۋرە

grass [grɑ:s] *n.* چىملىق، ئوت - چۆپ

far [fɑ:] *ad.* يىراق

off [ɔ:f] *ad.* مەلۇم ئارىلىقتىكى بىر جايدا

not far off يېقىن بىر يەردە

sing [siŋ] *vi,vt.* ناخشا ئېيتماق

dance [dɑ:ns] *v,n.* ئۇسسۇل ئوينىماق،
ئۇسسۇل

everybody ['evribɔdi] *pron.* ھەربىر كىشى، ھەربىرى

have a good time ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك
ئۆتكۈزمەك

after ['ɑ:ftə] *prep.* ... دىن كېيىن

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

outing ['autiŋ] *n.* سەھرا سەيلىسى

hi [hai] *int.* ۋوي (چاقىرىش، سالام-
لىششنى كۆرسىتىدۇ)

wait [weit] *vi.* ساقلىماق، كۈتمەك

wait for ... نى ساقلىماق

meet [mi:t] *vt.* ئۇچرىماق

heavenly ['hevnli] *a.* جەننەتتىكى

the Heavenly Lake بوغدا كۆلى

lovely ['lʌvli] *a.* سۆيۈملۈك

really ['riəli] *ad.* ھەقىقەتەن

afraid [ə'freid] *a.* قورقماق

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| eager | ['i:gə] *a.* | تەشنا |
| sight | [sait] *n.* | مەنزىرە (دائىم كۆپلۈك شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ) |
| would | [wud] *mod.v.* | خالىماق |
| join | [dʒɔin] *vt.* | قاتناشماق |
| only | ['əunli] *ad.,a.* | پەقەت، بىردىنبىر |
| today | [tə'dei] *n.,ad.* | بۈگۈن |
| office | ['ɔfis] *n.* | ئىشخانا |
| hour | ['auə] *n.* | سائەت |
| hope | [həup] *vt.,n.* | ئۈمىد قىلماق، ئۈمىد |
| thank | [θæŋk] *vt.,n.* | رەھمەت ئېيتماق |
| so | [səu] *ad.,conj* | شۇنداق، شۇڭا، شۇڭلاشقا |
| So long! | | خەير - خوش |

## EVERYDAY ENGLISH

— I want to clean the room.

— Let me give you a hand.

— Thanks. You sweep the floor, and I'll clean the table and the chairs.

— Where's the broom?

— It's in the next room, I think. You go and get it, and I'll go and get some water.

want [wɔnt] *vt.* خالىماق, clean [kli:n] *vt* تازىلىماق

give [give] *vt.* بەرمەك, hand [hænd] *n.* قول

sweep [swi:p] *vt* سۈپۈرمەك

give someone a hand مەلۇم بىر كىشىگە ياردەم بەرمەك

think [θiŋk] *vt.* ئويلىماق



## Notes to the Text

1. There are hundreds and hundreds of people in the park.

باغچىدا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەملەر بار.

«يۈزلىگەن (ئادەم)» hundreds of (people) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئوخشاشلا thousands of (books) مۇ «مىڭلىغان (كىتاب)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىزاھات: hundreds نىڭ يۇقىرىقى جۈملىدىكى تەكرارلىنىشى ئادەمنىڭ سانىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سانىنىڭ كەينىدە of بولماي بىۋاستە ئىسىم كەلسە s — قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن: six hundred workers ئالتە يۈز ئىشچى

2. Some are walking by the lake, others are sitting on the benches and chatting.

بەزىلەر كۆل بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى، بەزىلەر ئۇزۇن ئورۇندۇقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئىككى ئادەم ياكى شەيئىنى تىلغا ئالغاندا one, the other «بىرى ··· يەنە بىرى ···» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

There are two children over there. One of them is singing and the other is dancing.

ئاۋۇ يەردە ئىككى بالا بار. بىرى ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، يەنە بىرى ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ.

كۆپ ئادەم ۋە شەيئىنى تىلغا ئېلىپ «بەزىلىرى ··· يەنە بەزىلىرى ···» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، دائىم some, others قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Some of them are workers and (the) others are peasants.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشچى، بەزىلىرى دېھقان.

others «قالغانلارنىڭ ھەممىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل the قوشۇلىدۇ.

3. Near a flower garden, two white-haired old women are knitting in the sunshine.

گۈللۈكنىڭ يېنىدا ئاق چاچلىق ئىككى موماي ئاپتاپتا بىرنەرسە توقۇۋاتاتتى.

ئىنگلىز تىلىدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆز بىرىكىپ كېلىپ بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سۆزلەر بىرىككەن سۆزلەر دېيىلىدۇ. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا ئادەتتە سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: white-haired, bus-stop بەزى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن: grandchildren بىرىككەن سۆزلەر مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە بىرىكىدۇ. ئۇلارنى خالىغانچە ياسىغىلى بولمايدۇ.

4. Their grandchildren are playing on the grass.

ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى چىملىقتا ئويناۋاتىدۇ.

grand- قان - قېرىنداشلىق، ئەجداد - ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان بىرىككەن سۆزلەرنى ياساپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| grandchildren | نەۋرىلەر | grandfather | بوۋا |
| granddaughter | قىز نەۋرە | grandmother | موما |
| grandson | ئوغۇل نەۋرە | | |

5. Not far off, some students are singing and dancing.

يېقىن بىر يەردە بەزى ئوقۇغۇچىلار ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

بۇ يەردىكى off رەۋىش بولۇپ، بەزى چاغدا ئالدى قوشۇلغۇچى رولىدىمۇ كېلىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

Let's get off. (رەۋىش) چۈشەيلى.



They are just getting off the bus.

(ئالدى قوشۇلغۇچى) ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتىدۇ.

ئىنگلىز تىلىدىكى نۇرغۇن ئالدى قوشۇلغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا رەۋىش رولىنى ئوينايدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

Come in, please. كىرىڭ. He is in bed. ئۇخلاۋاتىدۇ.

Let's get on. ماشىنىغا چىقايلى.

ئۇلار چىملىقتا ئويناۋاتىدۇ.

They are playing on the grass.

ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ كەينىدە چوقۇم تولدۇرغۇچى كېلىشى كېرەك. ئالدى قوشۇلغۇچى ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ. ئەمما رەۋىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. Everybody is having a good time after a week of work and study.

everybody «ھەربىر كىشى»، «ھەممىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بىرلىك دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن:

Everybody says she is a good student.

ھەممىسى ئۇنى ياخشى ئوقۇغۇچى دەيدۇ.

## Notes to the Dialogue

1. We meet here at a quarter to eight.

بىز سائەت 8 گە بىر چارەك قالغاندا بۇ يەردە ئۇچرىشىمىز.

بەزى پېئىللار ئادەتتىكى ھازىرقى زامان شەكلى بىلەن پىلانلانغان ياكى ۋاقىت جەدۋىلىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هالەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I am not at home tonight.

بۈگۈن كەچتە ئۆيدە بولمايمەن.

When does the school begin?

ئوقۇش قاچان باشلىنىدۇ؟

2. I'm afraid there are always large numbers of tourists there.

مېنىڭچە ئۇ يەردە دائىم نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر بار.

"I'm afraid" «مېنىڭچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، نۇتۇقنى سىلىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. دائىم بېقىندى جۈملە بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

I am afraid he is not coming.

مېنىڭچە، ئۇ كەلمەيدۇ.

It is going to rain tomorrow, I am afraid.

مېنىڭچە، ئەتە يامغۇر ياغىدۇ.

3. Would you like to join us?

بىز بىلەن بىللە بېرىشنى خالامسىز؟

like پېئىل بولۇپ، "should, would" بىلەن بىللە كەلگەندە «خالىماق، ئارزۇ قىلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. like نىڭ كەينىدە دائىم ئىسىم، ئالماش ياكى پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى كېلىدۇ. مەسىلەن:

I would like some grapes.

مېنىڭ ئازراق ئۈزۈم يېگۈم بار.

She wouldn't like to wait.

ئۇ ساقلاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

4. I'd like to=I would like to join you.



# GRAMMAR

## 1. ئىزچىل ھازىرقى زامان

ئىزچىل ھازىرقى زامان «ھازىرقى بۆلەك سۆز + ياردەمچى پېئىل be» شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. be پېئىل ئىگە بىلەن شەخس، سان جەھەتتە بىردەك بولۇشى كېرەك. دېمەك، بۇ زاماندا be I شەخس بىرلىكتە am، Ⅲ شەخس بىرلىكتە is، قالغان كىشىلىك ئالماشلاردا are شەكلىدە بولىدۇ. ھازىرقى بۆلەك سۆز پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە ing- قوشۇلۇش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ.

1. ing- نىڭ قوشۇلۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىۋاسىتە ing- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

go —— going    stand —— standing
study —— studying    see —— seeing

2) ئوقۇلمايدىغان «e» ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا ئالدى بىلەن e نى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ing- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

have —— having    write —— writing
come —— coming    dance —— dancing

3) ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان، سۆز ئاخىرىدا پەقەت بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بولغان پېئىللارغا ئالدى بىلەن شۇ ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنى قايتا يېزىپ ئاندىن ing - قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

sit —— sitting    chat —— chatting
get —— getting    begin —— beginning

**ئىزاھات:** iŋ —[iŋ] ئوقۇلىدۇ.

2. بۇ زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى

تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ:

| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I am working.<br>You are working. | I am not working.<br>You aren't working. | Am I working?<br>Are you working? |
| He / She / It } is working. | He / She / It } isn't working. | Is { he / she / it } working? |
| We / You / They } are working. | We / You / They } aren't working. | Are { we / you / they } working? |

3. ئىزچىل ھازىرقى زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

1) ئىزچىل ھازىرقى زامان دەل مۇشۇ پەيتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— What are you doing? — نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— I'm reading the text. — تېكىستنى ئوقۇۋاتىمەن.

He is studying at a university.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتىدۇ.

2) ئىزچىل ھازىرقى زامان دەل مۇشۇ پەيتتە يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ھازىرقى باسقۇچتا داۋاملىشىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

He is writing a history book.

ئۇ تارىخ كىتاب يېزىۋاتىدۇ.

3) ئىزچىل ھازىرقى زامان كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتلەرنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت come، go قاتارلىق يۆنىلىش پېئىللىرىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

He is coming the day after tomorrow.



ئۇ ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ.

They are going to Turkey next week.

ئۇلار كېلەر ھەپتە تۈركىيىگە بارماقچى.

ئىزاھات: ئىزچىل ھازىرقى زامان بىلەن ئادەتتىكى ھازىرقى زاماننىڭ پەرقى شۇكى ئالدىنقىسى ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكىسى دائىملىق ھەرىكەتنىڭ دائىم يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھازىر گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ.

He is reading a newspaper now.

(سۆزلىگەن چاغدا ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ).

ئۇ ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇيدۇ.

He reads newspapers every day.

(سۆزلىگەن چاغدا بۇ ھەرىكەت يۈز بەرگەن بولۇشى ناتايىن. لېكىن، بۇ دائىملىق ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ).

**2. (پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى +be+going) نىڭ ئىشلىتىلىشى**

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا تەرەددۇت قىلغاندا ئادەتتە (پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى +be+going) شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

I am going to write some letters this afternoon.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن بىر نەچچە پارچە خەت يازماقچى.

Aynur is going to see her father tomorrow.

ئاينۇر ئەتە دادىسىنى كۆرگىلى بارىدۇ.

When are you going to have your English Evening?

سىلەر ئىنگلىز تىلى كېچىلىكىنى قاچان ئۆتكۈزمەكچى؟

بۇ يەردىكى "go" «بارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى كەينىدىكى تۇراقسىز شەكىل بىلەن بىللە خەۋەرنى تەشكىل قىلىدۇ. "be going" ئادەتتە ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدۇ.

"be going to" شەكلى دائىم كەلگۈسىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكىدەك ۋاقىت ھالەتلىرى بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن this afternoon، بۈگۈن كېچە tonight، ئۆگۈنلۈككە the day after tomorrow، بۈگۈن كېچە this evening، كېلەر ھەپتىنىڭ يەنە بىر ھەپتىسى the week after next، ئەتە ئەتىگەن tomorrow morning، دۈشەنبە ئەتىگەندە on Monday morning، مۇشۇ جۈمە this Friday، بۇ يىل كۈز this autumn، كېلەر ھەپتە next week

### 3. ساناق سان

ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان ساننى ساناق سان دەيمىز. ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ئاساسى ساناق سانلار تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 one | 11 eleven | | |
| 2 two | 12 twelve | 20 twenty | 100 one (a) hundred |
| 3 three | 13 thirteen | 30 thirty | 1,000 one (a) thousand |
| 4 four | 14 fourteen | 40 forty | 10,000 ten thousand |
| 5 five | 15 fifteen | 50 fifty | 100,000 one (a) hundred thousand |
| 6 six | 16 sixteen | 60 sixty | |
| 7 seven | 17 seventeen | 70 seventy | 1,000,000 one (a) million |
| 8 eight | 18 eighteen | 80 eighty | |
| 9 nine | 19 nineteen | 90 ninety | |
| 10 ten | | | |

بۇنىڭدىن باشقا ساناق سانلار يۇقىرىقى سانلار بىلەن تۈزۈلۈپ



كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 89 | eighty - nine |
| 223 | two hundred and twenty - three |
| 809 | eight hundred and nine |
| 1,001 | one thousand and one |
| 13,756 | thirteen thousand seven hundred and fifty - six |
| 174,304 | one hundred and seventy - four thousand three hundred and four |
| 18,657,421 | eighteen million six hundred and fifty - seven thousand four hundred and twenty - one |
| 750,000,000 | seven hundred and fifty million |

**ئىزاھات:**

1) يىگىرمىدىن چوڭ سانلاردا بىرلەر خانىسى بىلەن ئونلار خانىسى ئارىلىقىغا سىزىقچە « - » قويۇلىدۇ. يۈزدىن چوڭ سانلاردا ئونلار خانىسىنىڭ ئالدىغا (ئەگەر ئونلار خانىسى نۆل بولسا بىرلەر خانىسىنىڭ ئالدىغا) and قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

35 thirty - five 517 five hundred and seventeen

608 six hundred and eight

2) teen: بىلەن ئاخىرلاشقان سانلاردا ئىككى ئۇرغۇ بولىدۇ. ty - بىلەن ئاخىرلاشقان سانلاردا پەقەت بىرىنچى بوغۇمدىلا ئۇرغۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

15 fifteen ['fif'tiːn] 70 seventy ['sevənti]

3) hundred, thousand, million قاتارلىق سانلار كونكرېت ساننى بىلدۈرگەندە كۆپلۈك قوشۇمچىسى s - قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

three hundred students, six thousand people, four million books

4) يىللارنىڭ ئوقۇلۇشى

| | |
|---|---|
| 1959 | nineteen fifty-nine |
| 1970 | nineteen seventy |
| 1804 | eighteen hundred and four/eighteen o[əu] four |
| 685 B.C. | six eighty-five B.C. |

«B.C. مىلادىدىن ئىلگىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»

1990's ياكى 1990s (90 - يىللار) nineteen nineties

## PHONETICS

### 1. قوشۇپ ئوقۇش

ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر گۇرۇپپا سۆزدە، ئەگەر ئالدىنقى سۆز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى سۆز سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانسا، بۇ ئىككى تاۋۇش دائىم قوشۇپ ئوقۇلىدۇ، بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە قوشۇپ ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ. قوشۇپ ئوقۇش " ‿ " بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

I have‿a green pen.

There‿is‿a map‿of China on the wall.

What‿is‿it?

### 2. سىنتاگما ۋە پائۇزا

ئۆزۈنراق بىر جۈملىنى مەنىسى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بىرنەچچە بۆلەككە بۆلگىلى بولىدۇ. ھەربىر بۆلىكى بىر سىنتاگما



بولىدۇ. ئوقۇغان چاغدا بىر سىنتاگمىنى بىر نەپەستە ئوقۇپ بولۇش كېرەك. سىنتاگمىلارنىڭ ئارىلىقىدا بەلگىلىك تىنىش بولىدۇ. بۇ تىنىش پائۇزا دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى سىنتاگمىدا يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە، بەزى سىنتاگمىدا تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ. سىنتاگمىلار ئارىسىدىكى پائۇزا "/" بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

In this part of the↗world/the spring months/are March, April and↘May.

Over↗there/under a huge pine↗tree, / a group of boys and↗girls/are playing↘games.

## EXERCISES

### 1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغلار ۋە a ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. name, lake, game, take, safe,
   an, cat, happy, black, stand.

a ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

a ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

2. also, always
   wall, small, all

ھەرپلەر بىرىكمىسى al نىڭ ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

ھەرپلەر بىرىكمىسى all نىڭ ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

3. class, grass, mass, lass

ھەرپلەر بىرىكمىسى ass بەزىدە [ ] بەزىدە [ ] ئوقۇلىدۇ.

**2. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە قوشۇپ ئوقۇشقا دىققەت قىلىڭلار:**

| | |
|---|---|
| Adil and I | in August |
| in a big room | in October |
| Class is over. | This is a clock. |
| Come in. | That is a table. |
| It is cold in winter. | I want a box. |

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە سىنتاگمىلار ئارىلىقىدىكى پائۇزىغا دىققەت قىلىڭلار:**

1. Everybody is having a good time after a week of work and study.
2. I love to live with them and be useful to the professor in his work.
3. In spring the weather gets warmer and the fields turn green.
4. Nearby, an interesting game of chess is going on between two old men.
5. I stand in a corner of Professor Hunter's study all the year round.

**4. تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ھازىرقى بۆلەك سۆزى ۋە ھازىرقى زامان Ⅲ شەخس بىرلىك شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| get | turn | stand | take |
| watch | dance | sit | do |
| close | begin | live | go |
| play | bring | write | speak |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**5. تۆۋەندىكى ساناق سانلار ۋە ۋاقىتلارنى ئىنگلىزچە يېزىپ چىقىڭلار:**

1. 13, 30,45,102,670,900,2017,4600,82904
2. 4:30,1:15,6:05,8:36,10:50,12:55,5:43

**6. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندە بېرىلگەن سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار:**

> ئۈلگە: she, sit
> What is she doing?
> She is sitting.

1. they, walk, by the lake
2. Mrs. Hunter, clean, the bookcase
3. the students, wait for, a school bus
4. the little boy, play, on the grass
5. her brother, write a letter
6. she, sing

**7. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىلغان قىسمىغا سوئال قويۇڭلار:**

1. They are having an English class now.
2. Mr.Polat is speaking to Mr.Jackson.
3. The students are playing games on the grass.
4. We are going to plant trees next week.
5. The girls are singing and dancing in the classroom.

8. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللىنىپ دىئالوگ تۈزۈڭلار:

(A)

ئۈلگە:

— Is he cleaning his room?
— No, he isn't.
— What is he doing?
— He is helping his classmate with her English study.

(B)

— Are you going to clean your room?
— No, I am not.
— What are you going to do?
— I'm going to help my classmate with her English study.

1. work in the factory, plant trees by the lake
2. knit by the window, help Jane with her lessons
3. clean the classroom, sing and dance

9. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1. It is Sunday in the park. What do you see in the park?
2. Do you see any people walking by the lake?



3. Some are sitting on the benches and chatting, aren't they?
4. What do you see under that huge pine tree?
5. Are there any old men nearby?
6. Who are sitting near the flower garden? Who are with them? What are they doing?
7. How do you like to be in a park on Sunday?

10. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. بۈگۈن يەكشەنبە، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىشلەۋاتىدۇ.
2. ئېزىز هازىر نەدە؟ ئۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا تارىخ ئۆگىنىۋاتىدۇ.
3. باغچىنىڭ يېنىدىكى بىر جايدا بىر توپ بالىلار كۆچەت تىكىۋاتىدۇ.
4. سىز دوستىڭىزنى كۆرگىلى بارامسىز؟ — قاچان ئۇنى كۆرگىلى بارىسىز؟
5. بۈگۈن كەچ 6:30 دا سىنىپتا ئۇچرىشايلى.
6. ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇلار هەر پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن ئىنگلىز تىل دەرسى ئوقۇيدۇ.
7. ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 5:00 تە نېمە ئىش قىلماقچى؟
ئۇلار دوستلىرىنى ساقلىماقچى.
8. كارىۋاتنىڭ يېنىدا بىر ئۈستەل بار. ئۈستەل بىلەن ئىشكاپنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىتاب جازىسى بار.

# Lesson Fifteen ئون بەشىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | Let's Learn English |
| دىئالوگ: | At a Bus-stop |
| گراماتىكا: | 1. تاللانما سوراق جۈملە |
| | 2. تۈسلۈك پېئىل can, may, must |
| | 3. ئىسىمنىڭ تۈرلىرى |
| فونېتىكا: | 1. تاللانما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى |
| | 2. قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى |

## TEXT

### LET'S LEARN ENGLISH

There are many languages in the world. English is one of them. It is a very useful and important language. The English, Americans, Canadians and Australians speak English. Many other people in the world also speak English and use it as the second language.



www.uyghurkitap.com

With its help, the people from all countries of the world can get to know each other and learn from each other.

We need the help of others. We need to learn from other countries. We must learn English well.

How can we learn English well? In one word, practice. We must practise it every day, because a language is like a musical instrument. Only by listening, speaking, reading and writing can we learn English well. We must use it, write, talk and think in it. That is to say we should learn English in use.

Let's learn English for the modernization of our country.

## DIALOGUE

### AT A BUS-STOP

— Hello, Maynur?
— How are you, Mr. Ilxat?
— Fine, thank you. Do you still work in the power plant?
— Yes, I do.
— Are you very busy?
— Yes, quite. I also study at an evening school. How about you? Do you still study mathematics at Xinjiang Normal University?
— No, I don't. I am teaching mathematics at a

middle school in Karmay.

— Does your sister live with you?

— No, she doesn't. She is now in Tokyo.

— Do you often write to each other?

— Yes, we do.

— Please remember me to her. Oh, there comes the bus. Good-bye!

— Good-bye!

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

learn [lə:n] *v.* ئۆگەنمەك

important [im'pɔ:tənt] *a.* مۇھىم

Canadian [kə'neidjən] *a.,n* كانادانىڭ، كانادالىق

Australian [ɔs'treiljən] *a.,n* ئاۋستىرالىيىنىڭ، ئاۋسترالىيىلىك

also ['ɔ:lsəu] *ad.* ... مۇ

as [æz,əz] *prep.,conj.* ... دەپ، ... دەك/تەك

second ['sekənd] *num.* ئىككىنچى

can [kæn,kən] *mod.v.* ...الايـ/ـلايـ (تۈسلۈك پېئىل)

need [ni:d] *mod.v.* موھتاج (تۈسلۈك پېئىل)

must [mʌst, məst] *mod.v.* كېرەك، لازىم (تۈسلۈك پېئىل)

well [wel] *ad.* ياخشى

word [wə:d] *n.* سۆز

in one word قىسقىسى، بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا



practice ['præktis] *n.* پراكتىكا، مەشىق

practise ['pæktis] *vt.* پراكتىكا قىلماق، مەشىق قىلماق

because [bi'kɔz] *conj.* چۈنكى

like [laik] *prep.* ـدەك/ـتەك

musical ['mju:zikəl] *a.* مۇزىكىنىڭ

instrument ['instrumənt] *n.* ئەسۋاب

listen ['lisn] *vi.* ئاڭلىماق

read [ri:d] *v.* ئوقۇماق

talk [tɔ:k] *vi.* سۆزلىمەك

say [sei] *v.* سۆزلىمەك

that is to say دېمەك

should [ʃud] *mod.v.* لازىم، كېرەك (تۈسلۈك پېئىل)

modernization ['mɔdə(:)nai'zeiʃən] *n.* زامانىۋىلاشتۇرۇش

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

bus-stop ['bʌsstɔp] *n.* ئاپتوبۇس بېكىتى

hello ['hʌ'ləu] *int, n.* هوي (چاقىرىق سۆزى)

fine [fain] a. ياخشى، ئوچۇق

power ['pauə] *n.* كۈچ، قۇۋۋەت، ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى

power plant ئېلېكتر ئىستانسىسى

quite ['kwait] *ad.* ئىنتايىن، بەك

about [ə'baut] *prep, ad.* توغرىسىدا، ئەتراپىدا

mathematics [ˌmæθi'mætiks] *n.* ماتېماتىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

normal ['nɔːməl] *a.* نورمال
Tokyo ['təukjəu] *n.* توكيو
write to someone ['sʌmwʌn] *pron.* (بىرىگە) خەت يازماق
remember [ri'membə] *vt.* ئەستە تۇتماق
remember me to someone مېنىڭ سالىمىمنى ... گە يەتكۈزۈپ قويماق

## EVERYDAY ENGLISH

— What are all those students doing over there?
— They're watching a basketball match.
— Who are playing?
— Class One is playing Class Three.
— Let's go and watch it.
— I'd like to, but I'm going to the post office with Mr. Dawut. He is waiting for me by the gate.

basketball ['bɑːskitbɔːl] *n.* ۋاسكىتبول
match [mætʃ] *n.* مۇسابىقە
post [pəust] *n.* پوچتا post office پوچتىخانا
gate [geit] *n.* دەرۋازا

### Notes to the Text

1. English is one of them.

ئىنگلىز تىلى ئۇلارنىڭ بىرى.
"them" بولسا "they" نىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى بولۇپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى many languages نى بىلدۈرىدۇ.



2. ... as the second language.

... ئىككىنچى تىل قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.
"second" دەرىجە سان بولۇپ ئېنىقلىغۇچى بولغاندا، ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل the كېلىشى كېرەك.

3. Only by listening, speaking, reading and writing can we learn English well.

پەقەت ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش ئارقىلىقلا ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلەيمىز.
only بۇ جۈملىدە «پەقەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۆزى ياساپ كەلگەن ھالەت بىلەن بىللە جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە جۈملىنىڭ خەۋەر شەكلى ئۆزگىرىدۇ.

4. ... we should learn English in use.

بىز ئىشلىتىش جەريانىدا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.
in use «ئىشلىتىش جەريانىدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## GRAMMAR

### 1. تاللانما سوراق جۈملە

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى تاللاش ئۈچۈن قارشى تەرەپكە قويۇلغان سوراق جۈملىنى تاللانما سوراق جۈملە دەيمىز.

1) تاللانما سوراق جۈملە ئادەتتە or بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىككى ئادەتتىكى سوراق جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ. or نىڭ كەينىدىكى قىسمى بىلەن ئالدىدىكى قىسمىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى ئوخشاش بولۇپ، دائىم قىسقارتىلما شەكلى قوللىنىلىدۇ. جاۋاب بېرىلگەندە "yes" ياكى "no" نى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. چوقۇم كونكرېت جاۋاب بېرىلىشى كېرەك. مەسىلەن:

Are you Uighur or Uzbek?

سىز ئۇيغۇرمۇ ياكى ئۆزبېكمۇ؟

I am Uighur. مەن ئۇيغۇر.

Does she live in Urumqi or Turpan?

ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرامدۇ ياكى تۇرپاندا؟

She lives in Urumqi. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ.

Is he going to do it for you or are you going to do it yourself?

بۇ ئىشنى سىزگە ئۇ قىلىپ بەرمەكچىمۇ ياكى ئۆزىڭىز قىلماقچىمۇ؟

I am going to do it myself.

مەن ئۆزەم قىلماقچى.

Do you want this book or that one?

بۇ كىتابنى خالامسىز ياكى ئۇ كىتابنىمۇ؟

I want that one. ئۇ كىتابنى خالايمەن.

Is it an English magazine or(a)French(magazine)?

ئۇ ئىنگلىز ژۇرنالمۇ ياكى فرانسۇزچە ژۇرنالمۇ؟

It's an English magazine. ئۇ ئىنگلىزچە ژۇرنال.

Is he going to stay at home or see the film tonight?

بۈگۈن كەچتە ئۇ ئۆيدە بولامدۇ ياكى كىنو كۆرەمدۇ؟

He is going to see the film tonight.

بۈگۈن كەچتە ئۇ كىنو كۆرىدۇ.

2) تاللانما سوراق جۈملە ئالاھىدە سوراق جۈملە شەكلى بىلەنمۇ تۈزۈلۈپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقى قىسمى ئالاھىدە سوراق جۈملە، كېيىنكى قىسمى تاللىنىدىغان تەڭداش قىسمى بولىدۇ. مەسىلەن:

Which do you like, this one or that one?



قايسىسىنى ياخشى كۆرىسىز؟ بۇنىمۇ ياكى ئۇنىمۇ؟

I like this one. بۇنى ياخشى كۆرىمەن.

When are they leaving, tomorrow or the day after tomorrow?

ئۇلار قاچان ماڭىدۇ، ئەتىمۇ ياكى ئۆگۈنلۈككە؟

They are leaving the day after tomorrow.

ئۇلار ئۆگۈنلۈككە ماڭىدۇ.

Who lives here, Kahar or Kamil?

بۇ يەردە كىم تۇرىدۇ، قاھارمۇ ياكى كامىلمۇ؟

Kamil lives here. بۇ يەردە كامىل تۇرىدۇ.

## 2. تۇسلۇك پېئىل can, may, must

ئىنگلىز تىلىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان can, may, must تۇسلۇك پېئىللاردۇر. تۇسلۇك پېئىل سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتكە ياكى ھالەتكە بولغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئىمكانىيەت، زۆرۈرىيەت، قابىلىيەت، بۇيرۇق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تۇسلۇك پېئىللارنىڭ گەرچە ئۆز ئالدىغا مەنىسى بولسىمۇ، ئەمما ئادەتتە مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. ئۇ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بىلەن بىللە خەۋەر پېئىلنى تۈزۈپ كېلىدۇ.

can, may, must شەخس ۋە سانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. جۈملىدە ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ. ئەمما جۈملىنىڭ بېشى ياكى كەينىدە كەلگەندە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

1) can (ئۇرغۇلۇق بولغاندا [kæn]، ئۇرغۇسىز بولغاندا [kən] ئوقۇلىدۇ): ئەقلىي ياكى جىسمانىي قابىلىيەت، ياكى ئوبيېكت مۇمكىنچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

He can speak English but he can't write it. (قابىلىيەت)

ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما يازالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

Can you say that in French? Yes, I can.(قابىلىيەت)
سىز ئۇنى فرانسۇزچە دېيەلەمسىز؟ ھەئە، دېيەلەيمەن.

I can't come again tonight. (مۇمكىنچىلىك)
بۈگۈن كەچتە مەن يەنە كېلەلمەيمەن.

can نىڭ بولۇشسىز شەكلى can not ياكى cannot بولۇپ، ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى — can't[kɑ:nt] بولىدۇ.

2) may [mei] رۇخسەت قىلىش، مۇمكىنچىلىك ياكى ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرۈپ كۆپ ھاللاردا سوراق جۈملىدە قوللىنىلىپ قارشى تەرەپنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى، يول قويۇشىنى، ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرىدۇ. جاۋاب بېرىلگەندە ھۆرمەتسىزلىك ياكى ئەدەبسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا may قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

It may snow this evening.
بۈگۈن كەچتە قار يېغىشى مۇمكىن.

May I go now? ھازىر ماڭسام بولامدۇ؟
Yes, please. ھە، بولىدۇ.
قەلىمىڭىزنى ئىشلەتسەم بولامدۇ؟
Sure [ʃuə]. ئەلۋەتتە

تۇسلۇك پېئىل may نى can نىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ يېقىن ئادەملەرگە سۆزلىگەن چاغدا.

May (Can) we take the books out?
كىتابلارنى ئېلىپ كەتسەك بولامدۇ؟
Please don't. بولمايدۇ.

3) must (ئۇرغۇلۇق بولغاندا [mʌst]، ئۇرغۇسىز بولغاندا [məst] ئوقۇلىدۇ.) مەجبۇرىيەت، زۆرۈرىيەت مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

You must come back by 10 o'clock.
سىز سائەت 10 غىچە قايتىپ كېلىشىڭىز كېرەك.

She must be in the classroom.



ئۇ چوقۇم سىنىپتا.

must بىلەن باشلانغان سوراق جۈملىگە جاۋاب بېرىلگەندە، بولۇشسىز جاۋابتا چوقۇم needn't ['ni:dnt] (لازىمى يوق، كېرىكى يوق دېگەن مەنىدە) قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Must we go and see him this afteroon?
چۈشتىن كېيىن ئۇنى كۆرگىلى بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟
Yes, you must. ھەئە، كېرەك.
No, you needn't. ياق، زۆرۈرىيىتى يوق.

must نىڭ بولۇشسىز شەكلى must not دائىم mustn't ['mʌsnt] شەكلىدە قىسقارتىلىدۇ. «يول قويماسلىق»، «چەكلەش»، «مەنئىي قىلىش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

You mustn't take the books out.
كىتابنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

### 3. ئىسىمنىڭ تۈرلىرى

ئىسىم خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەلۇم ئادەم، شەيئى، ئورۇن، ئورگان قاتارلىقلارنىڭ خاس نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

China, Abdurehim, Uighurs, League

بىر تۈردىكى ئادەم، شەيئى ياكى ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى تۈردەش ئىسىم دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

student, window, weather, English

تۈردەش ئىسىم سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملار، مەسىلەن: man, table, member

قاتارلىقلارنى سانغىلى بولىدىغان ئىسىم دەيمىز. سانغىلى بولمايدىغان، مەسىلەن: tea, water, French قاتارلىق ئىسىملارنى سانغىلى بولمايدىغان ئىسىملار دەيمىز. ئادەتتە بۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ.

## PHONETICS

**1. تاللانما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى**

تاللانما سوراق جۈملىدە باغلىغۇچى or نىڭ ئالدىدىكى قىسمى يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە بىلەن كېيىنكى قىسمى تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:



Is your room in Building Two or in Building Three?



Do you like English or French?

**2. قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى**

1) ئىنگلىز تىلىدىكى قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى كۆپىنچە بىرىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. مەسىلەن:

army ['ɑ:mi] children['tʃildrən]
brother['brʌðə] student['stju:dənt]

2) قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ مۇئەييەن ئوقۇلۇش قائىدىسى بولىدۇ،



بۇ قائىدىلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بوغۇمغا ئايرىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

(1) ئىككى بوغۇمنىڭ چېگراسىدا ئەگەر پەقەت بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى (r دىن باشقا) بولسا بۇ ھەرپ ئوڭ تەرەپتىكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. بىرىنچى بوغۇم ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇم بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

o/pen ti/dy
stu/dent fa/mous

(2) چېگرادا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بولسا (بىرىنچىسى r بولمىسا) بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوڭ - سول ئىككى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. بىرىنچى بوغۇم ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇم بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

pen/cil les/son
prac/tise sis/ter

(3) چېگرادا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، بىرىنچىسى r بولسا بۇ ئىككى ھەرپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوڭ - سول ئىككى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. بىرىنچى بوغۇم ئۇرغۇلۇق r بوغۇم بويىچە ئوقۇلىدۇ (بۇ قائىدە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ). مەسىلەن:

har/vest ['hɑ:vist] mor/ning ['mɔ:niŋ]

ئەمما، ئەگەر چېگرادا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىلا rr بولسا، سول تەرەپتىكى ئۇرغۇلۇق بوغۇم يېپىق بوغۇم بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

hur/ry ['hʌri] cur/rent ['kʌrənt]

3) بىر قىسىم قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى ئىككىنچى بوغۇمدا بولىدۇ، بۇ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى تاق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

mistake[mis'teik]   because[bi'kɔz]

report[ri'pɔ:t]   prepare[pri'pɛə]

4) ئۇرغۇسىز بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئادەتتە [ə] ياكى [i] ئوقۇلىدۇ. ئەمما، بەزى چاغلاردا بۇنداق بولمايدۇ. مەسىلەن:

April['eiprəl], open['əupən], freshman,['freʃmən]

## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە o ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. go, so, hope, over
on, long, box, top
love, month, mother, come

o ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

o ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

o ھەرپىنىڭ m,n,ʌ ياكى th نىڭ ئالدىنقى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [ ]

2. book, look, good, foot
school, spoon, too, boot

ھەرپلەر بىرىكمىسى oo بەزىدە [ ]، بەزىدە [ ] ئوقۇلىدۇ.

3. old, cold, golden

ھەرپلەر بىرىكمىسى old [ ] ئوقۇلىدۇ.



2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە تاللانما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە دىققەت قىلىڭلار:

1. Do you like history or physics?
2. Are the peasants busy in spring or in winter?
3. Does your sister work in a factory or in a hospital?
4. Are you in Class A or in Class B?
5. Will you write home or see the film tonight?
6. Is he going to study at home or see the film tonight?

3. 1. تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| bus | month | wife | woman | American |
| bookcase | country | fruit | grandchild | office |

2. تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ھازىرقى بۆلەك سۆزى ۋە ھازىرقى زاماندىكى III شەخس بىرلىك شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| wish | use | learn | knit | say |
| receive | read | see | listen | chat |

4. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار:

1. Can you sing this song?
   a) say it in English
   b) come again tomorrow
   c) do it well

2. May I come in?
   a) go now
   b) use your pen
   c) speak to Mr. Green
3. She must be on the first floor.
   a) come here on Tuesday morning
   b) get up at six tomorrow
   c) go and see him this afternoon

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئالدى بىلەن ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ۋە جاۋاب بېرىڭلار، ئاندىن ئاستىغا سىزىلغان قىسمىغا سوئال قويۇڭلار:

1. We can get there by bus.
2. He wants us to do it tonight.
3. You may take that book.
4. Everyone must be here by 6 o'clock.
5. She is reading today's newspaper.
6. They are going to write down the sentences.

6. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تاماملاڭلار:

1. Is she a teacher or ________?
2. Is the car black or ________?
3. Are you from China or ________?
4. Are you writing the letter to your brother or ________?
5. Is he playing or ________?
6. Are there twenty or ________ students?



7. Must I write it in English or ________?
8. Are they going to read Book One or ________?

7. تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنىڭ توغرا شەكلى بىلەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار:

1. They ____(have)French classes every Friday morning.
2. Some of our friends ________ now (wait for)us.
3. He ________(know) many languages.
4. There ________(be) five magazines on his desk.
5. They ____(study) German in Xinjiang University?
6. My sister ________(work) at a hospital in Kashgar next year.
7. It ________ (rain) hard.

8. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1. How many languages are there in the world?
2. Who speak English?
3. Why must we learn English well?
4. What is language like?
5. How can we learn English well?
6. Do you like to study English? Why?

9. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

1. ئېلېكتر ئىستانسىسى
2. ئون ئىككى نېمىسچە كىتاب

www.uyghurkitap.com

3. نۇرغۇن شەھەرلەر    4. ئوتتۇرا مەكتەپ
5. شىنجاڭ پېداگوگىكا    6. ئۇلار بىلەن بىللە ياشاش
ئۇنىۋېرسىتېتى
7. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا    8. چالغۇ ئەسۋابى

**10. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. بىز دائىم بىللە ئۆگىنىش قىلىمىز ھەم ئۆزئارا ياردەم قىلىمىز.
2. بۈگۈن نېمە ئىش قىلىمىز؟
3. ئۇ كانادالىقمۇ ياكى ئاۋسترالىيىلىكمۇ؟
4. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇشنى خالامسىز ياكى ئاۋۇ كىتابنىمۇ؟
5. ئۇ ئاتۇشتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە دەرسى بېرىدۇ.
6. ئىنگلىز تىلى ناھايىتى مۇھىم ھەم كېرەكلىك بىر تىل.
7. بۇ ئىشتا مەن سىزگە ياردەم بېرەيمۇ؟
8. ئۇ ھازىر چوقۇم مەكتەپتە. مەن ھازىر ئۇنى كۆرگىلى بارىمەن.



# Lesson Sixteen ئون ئالتىنچى دەرس

| | |
|---|---|
| تېكىست: | An Announcement |
| دىئالوگ: | Our Plan For Tomorrow |
| گىراماتىكا: | 1. ئادەتتىكى كەلگۈسى زامان |
| | 2. ئارتىكل |
| فونېتىكا: | كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى |

## TEXT

### AN ANNOUNCEMENT

Please be quiet, everybody! I have an announcement to make. There will be an English talk in the big hall at two o'clock this afternoon. An American from Harvard University is coming to talk to us. She will talk about American colleges. Be in front of Building 5 at a quarter to two. Please make notes while you listen. If you have any questions, write them on a slip of paper and hand them

in before Friday. The teacher will answer them in class next week.

After the talk there will be a performance. Some of the students will put on a short play. It is about their life and work at college.

One more thing, at six tonight our teacher is going to teach us a new English song. Please come to the classroom after supper.

That's all. Thank you.

## DIALOGUE

### OUR PLAN FOR TOMORROW

— What are you going to do tomorrow?
— We are going to plant trees by the Ulanbay Lake.
— Will you go there on foot?
— No, most of us will take the bus. A few students will go by bike.
— Will you plant trees the whole day?
— No, we won't. We'll work only in the morning.
— What are you going to do in the afternoon, then?
— We'll go to an exhibition.
— When will you come back?
— We must be back before six, for there will be



an English corner tomorrow evening.
— May I join you?
— Certainly.

### WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

| | | |
|---|---|---|
| announcement | [ə'naunsmənt] *n.* | ئۇقتۇرۇش |
| quiet | [kwaiət] *a.* | جىمجىت، تىنچ |
| hall | [hɔ:l] *n.* | زال |
| Harvard | ['hɑ:vəd] *n.* | خارۋارد |
| Harvard University | | خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى |
| college | ['kɔlidʒ] *n.* | ئىنستىتۇت |
| front | [frʌnt] *n.* | ئالدى |
| in front of | | ئالدىدا |
| note | [nəut] *n.* | خاتىرە، ئىزاھات |
| make notes | | خاتىرە قالدۇرماق |
| while | [wail] *conj.* | ...چاغدا |
| if | [if] *conj.* | ئەگەر |
| question | ['kwestʃən] *n.* | سوئال |
| slip | [slip] *n.* | ئۇزۇنچاق |
| paper | ['peipə] *n.* | قەغەز |
| a slip of paper | | ئۇزۇنچاق بىر پارچە قەغەز |
| hand | [hænd] *vt.* | تاپشۇرماق |
| hand in | | تاپشۇرماق |
| before | [bi'fɔ:] *prep.*, *conj.* | ...دىن بۇرۇن، ... نىڭ ئالدىدا |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| answer | [ˈɑːnsə] *vt.* | جاۋاب بەرمەك |
| performance | [pəˈfɔːməns] *n.* | ئويۇن |
| put | [put] *vt.* | قويماق |
| put on | | قويماق |
| play | [plei] *n.* | دراما، ئويۇن |
| life | [laif] *n.* | هايات |
| more | [mɔː] *a.* | …تېخىمۇ كۆپ |
| one more thing | | يەنە بىر ئىش |
| tonight | [təˈnait] *ad.* | بۈگۈن كەچ |
| supper | [ˈsʌpə] *n.* | كەچلىك تاماق |
| That's all. | | مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، تۈگىدى |

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

| | | |
|---|---|---|
| plan | [plæn] *n.*, *vt.* | پىلان، پىلان تۈزمەك |
| plant | [plɑːnt] *vt.* | تىكمەك |
| foot | [fut] *n.* | پۇت |
| on foot | | پىيادە |
| few | [fjuː] *pron.* | ئاز |
| a few | | بىرنەچچە |
| whole | [həul] *a.* | پۈتۈن |
| exhibition | [ˌeksiˈbiʃən] *n.* | كۆرگەزمە |
| back | [bæk] *ad.* | قايتماق |
| certainly | [ˈsəːtnli] *ad.* | ئەلۋەتتە |



## EVERYDAY ENGLISH

—Will you do me a favour?

—Sure, what?

—Just get me an English novel from the school library because I don't have time to go there now.

—With pleasure.

—Thank you.

favour [ˈfeivə] *n.* ياخشىلىق novel [ˈnɔvl] *n.* رومان

do somebody a favour

مەلۇم بىرسىگە ياخشىلىق قىلىش

| | |
|---|---|
| library [ˈlaibrəri] *n.* | كۇتۇبخانا |
| sure [ʃuə] *ad*, *a.* | ئەلۋەتتە، جەزمەن |
| pleasure [ˈpleʒə] *n.* | خۇشاللىق |
| with pleasure | خۇشاللىق بىلەن |
| just [dʒʌst] *ad.* | دەل، پەقەت |

### Notes to the Text

1. Please be quiet, everybody! تىنچلىنىڭلار، كۆپچىلىك!

بۇ be بىلەن باشلانغان بۇيرۇق جۈملە. بۇ خىل بۇيرۇق جۈملە دائىم "…سۈپەت + be" شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. بولۇشسىز شەكلى "… سۈپەت + don't be" شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

Please be early.[ˈəːli] Don't be late. [leit].

بالدۇرراق كېلىڭ، كېچىكىپ قالماڭ.

2. I have an announcement to make.

مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان بىر ئۇقتۇرۇشۇم بار.

بۇ يەردىكى to make پېئىلىنىڭ تۇراقسىز شەكلى بولۇپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

3. There will be an English talk in the big hall at two o'clock this afternoon.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە چوڭ زالدا ئىنگلىزچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلمەكچى.

ئىنگلىز تىلىدا ۋاقىت ھالىتى بىلەن ئورۇن ھالىتى بىر جۈملىدە كەلگەندە كۆپ ھاللاردا ئورۇن ھالىتى ۋاقىت ھالىتىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

The teacher will answer them in class next week.

مۇئەللىم كېلەر ھەپتە دەرس ۋاقتىدا ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ.

4. Harvard University خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى

ئامېرىكىنىڭ ماساچۇستېس شتاتى كامبرىج شەھىرىگە جايلاشقان مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت، يەنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى خارۋارد ئىنستىتۇتى بولۇپ، 1636 - يىلى قۇرۇلغان ئامېرىكىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىنستىتۇت.

5. Please make notes while you listen.

ئاڭلىغان چاغدا خاتىرە قالدۇرۇڭلار.

«بىر ۋاقىتتا ئىككى ئىشنىڭ تەڭ يۈز بەرگەنلىكىنى» تەكىتلىگەن چاغدا while قوللىنىلىدۇ. يالغۇز «··· چاغدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندە كۆپىنچە باغلىغۇچى when قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

I'll read the newspaper while you do your exercises.

سىز مەشىق ئىشلىگەن چاغدا مەن گېزىت ئوقاي.

Please remember me to her when you see her.

ئۇنى كۆرگەندە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ.



6. ··· hand them in before Friday.

··· ئۇلارنى جۈمەدىن بۇرۇن تاپشۇرۇڭلار.

hand in دىن ئىبارەت بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ تولدۇرغۇچىسىنىڭ ئورنىغا دىققەت قىلىڭلار. ئەگەر تولدۇرغۇچى ئىسىم بولسا، ئۇنىڭ ئورنى كۆپىنچە in نىڭ كەينىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

Please hand in your notebooks.

خاتىرە دەپتىرىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار.

ئەگەر تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولسا، ئۇنىڭ ئورنى in نىڭ ئالدىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

Please hand them in. ئۇلارنى تاپشۇرۇڭلار.

سېلىشتۇرۇڭلار:

Put on your coat[kəut]. Put it on.

پەلتويىڭىزنى كىيىۋېلىڭ.

Take off your cap. Take it off.

شەپكىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ.

That's all. دېمەكچى بولغىنىم مۇشۇ.

## GRAMMAR

### 1. ئادەتتىكى كەلگۈسى زامان

ئادەتتىكى كەلگۈسى زاماننىڭ شەكلى

ئادەتتىكى كەلگۈسى زامان ياردەمچى پېئىل shall ياكى will نىڭ كەينىگە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى قوشۇلۇش بىلەن تۈزۈلۈپ كېلىدۇ. I shall شەخس (بۇ خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئەنگلىيەدە كۆپ ئۇچرايدۇ) . I will ھەممە شەخستە
ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

We shall not have any English lessons this afternoon.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىنگلىزچە دەرسىمىز يوق.

He will come back next month.

ئۇ كېلەركى ئايدا قايتىپ كېلىدۇ.

There will be no film tomorrow evening.

ئەتە كەچتە كىنو يوق.

بۇ زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I shall<br>You will<br>He (she) will<br>We shall<br>You will<br>They will } go. | I shall<br>You will<br>He (she) will<br>We shall<br>You will<br>They will } not go. | Shall I<br>Will you<br>Will he (she)<br>Shall we<br>Will you<br>Will they } go? |

will (shall) ئېغىز تىلىدا 'll قىلىپ قىسقارتىلىدۇ.
will not نى won't[wəunt] غا قىسقارتىلىدۇ. shall not نى
shan't [ʃɑ:nt] غا قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن:

I'll be at the bus-stop at five.

سائەت بەشتە مەن ئاپتوبۇس بېكىتىدە بولىمەن.

She'll do it tonight.

ئۇ بۇ ئىشنى بۈگۈن كەچتە قىلىدۇ.

We shan't go out this Saturday.



بۇ شەنبە سىرتقا چىقمايمىز.

They won't go home this week.

ئۇلار بۇ ھەپتىدە ئۆيگە قايتمايدۇ.

## ئادەتتىكى كەلگۈسى زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

ئادەتتىكى كەلگۈسى زامان كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولىدىغان ھالەتنى ئىپادىلەپ كېلىپ دائىم كەلگۈسى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ۋاقىت ھالەتلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: tomorrow (ئەتە)، the day after tomorrow (ئۆگۈنلۈككە)، next week (كېلەر ھەپتە)، next Monday (كېلەر دۈشەنبە)، in two days (ئىككى كۈندىن كېيىن)، in a few minutes (بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن)، soon (ئۇزۇن ئۆتمەي) قاتارلىقلار. مەسىلەن:

I shall write to him tomorrow afternoon.

مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا خەت يازىمەن.

They will clean the classroom after class.

ئۇلار دەرستىن كېيىن سىنىپنى تازىلايدۇ.

There will be an English evening this Tuesday.

بۇ سەيشەنبىدە ئىنگلىزچە كېچىلىك بار.

Will she go to see the doctor next Wednesday?

ئۇ كېلەر چارشەنبە دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارامدۇ.

No, she won't. ياق، بارمايدۇ.

Yes, she will. ھەئە، بارىدۇ.

ئىزاھات:

Will you … ?، Shall I (we)… ? نىڭ ئادەتتىكى ئىشلىتىلىشى "Shall I (we) … ?" ئۆزى مەلۇم بىر ئىشقا تەييارلىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئالغاندا قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا «مەن ··· قىلسام بولامدۇ؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

It is very cold here. Shall I close the window?
بۇ يەر ناھايىتى سوغۇق، دېرىزىنى يېپىۋەتسەم بولامدۇ؟
جاۋابى مۇنداق بولىدۇ:

Yes, please. ھەئە، بولىدۇ.
No, please don't. ياق، بولمايدۇ.

"Will you ···?" مەلۇم پىكىر ـ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قارشى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى سورىغاندا قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «··· قىلسىڭىز بولامدۇ؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I am going to the factory. Will you come with me?
مەن زاۋۇتقا بارىمەن. مەن بىلەن بارامسىز؟
جاۋاب شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

Yes, I will. ھەئە، بارىمەن.
I am sorry ['sɔri]. I can't. كەچۈرۈڭ، بارالمايمەن.

## 2. ئارتىكل

ئارتىكل — ئېنىقسىز ئارتىكل a (an)، ئېنىق ئارتىكل the دىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۆزى كۆرسەتكەن ئادەم ياكى شەيئىنىڭ كۆرسىتىلمىگەنلىكىنى، ياكى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقسىز ئارتىكل كەڭ كۆرسىتىدۇ، ئېنىق ئارتىكل ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ.

1) ئېنىقسىز ئارتىكل a (an)

(1) ئېنىقسىز ئارتىكل a ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا، an سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a table [ə'teibl] بىر ئۈستەل



a university [ə'ju:ni'və:siti] بىر ئۇنىۋېرسىتېت
an old woman [ən əuld'wumən] بىر ياشانغان ئايال
an hour [ən'auə] بىر سائەت

(2) ئېنىقسىز ئارتىكل «بىر (دانە)» دېگەن مەنىدە بولغاچقا، ئادەتتە پەقەت ساناقلىق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىنىڭ ئالدىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Will you give me a pencil? ماڭا بىر قېرىنداش بېرەمسىز؟

(3) ئېنىقسىز ئارتىكل ئادەم ۋە شەيئىلەرنى ئالاھىدە كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

She teaches German in a university.
ئۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا نېمىس تىلى دەرسى ئۆتىدۇ.

2) ئېنىق ئارتىكل the

(1) ئېنىق ئارتىكل يالغۇز كەلگەندە [ði:] ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا [ðə] سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزنىڭ ئالدىدا [ði] ئوقۇلىدۇ.

the blackboard [ðə'blækbɔ:d] (بۇ) دوسكا
the English newspaper [ði'iŋgliʃ'nju:s'peipə]
(بۇ) ئىنگلىزچە گېزىت

(2) ئېنىق ئارتىكلنىڭ مەنىسى كۆرسىتىش ئالماش this (these), that(those) نىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ. كەينىدىكى ئىسىم بىر ياكى بىرنەچچە ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن ئادەم ياكى شەيئىنى بىلدۈرگەندە ئېنىق ئارتىكل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Open the window, please. دېرىزىنى ئېچىۋېتىڭ.
(ئۆيدىكى دېرىزىنى كۆرسىتىدۇ)
Please write the words on the blackboard.
بۇ سۆزلەرنى دوسكىغا يېزىڭ.
(ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن بىرقانچە سۆز ۋە مۇشۇ سىنىپتىكى

www.uyghurkitap.com

دوسكىنى كۆرسىتىدۇ. )

(3) بىر شەيئى ياكى ئادەمنى تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان چاغدا ئادەتتە ئېنىقسىز ئارتىكل قوللىنىلىدۇ. ئۇنى قايتا تىلغا ئالغاندا ئالاھىدە كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئېنىق ئارتىكل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

This is a book. The book is about the Uighur history.

بۇ بىر كىتاب، بۇ كىتاب ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت.

3) ئارتىكل قوللىنىلمايدىغان ئەھۋاللار

(1) ئالاھىدە كۆرسىتىلمىگەن كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئارتىكل قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

We are freshmen.

بىز بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.

(2) خاس ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئارتىكل قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

Xinjiang is a beautiful place.

شىنجاڭ گۈزەل جاي.

ئىزاھات: تۈردەش ئىسىملاردا تۈزۈلۈپ كەلگەن خاس ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

the People's Republic [ri'pʌblik]of China

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

the United States(['juːnaitid steits])

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

(3) سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنى ئالاھىدە كۆرسەتمىگەندە ئارتىكل قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

Would you like tea or coffee ['kɔfi]?



چاي ئىچەمسىز، قەھۋەمۇ؟

It's nice weather.

بۈگۈن ھاۋا ياخشى.

(4) ئاي، ھەپتە كۈنلىرىنىڭ ئالدىدا ئادەتتە ئارتىكل قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

It's very cold here in December and January.

دېكابىر ۋە يانۋاردا بۇ يەر ناھايىتى سوغۇق.

He is going to do the work on Thursday.

ئۇ بۇ ئىشنى پەيشەنبە كۈنى قىلماقچى.

(5) بەزى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە ئارتىكل قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

go to bed ئۇخلىماق, at home ئۆيدە, on foot پىيادە

ئارتىكلىنىڭ ئاساسىي ئىشلىتىلىشىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

| | | ئالاھىدە كۆرسەتمەيدۇ | ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ |
|---|---|---|---|
| تۈردەش ئىسىم | سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىكى | Give me a book. | Give me the book. |
| | سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى | Give me some books.<br>These are books on history. | Give me the books. |
| | سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم | Give me some paper.<br>This is nice paper. | Give me the paper. |
| خاس ئىسىم | | ئادەتتە ئارتىكل ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:<br>Xinjiang, Nijat | |
| | | بىر قىسىم تۈردەش ئىسىملاردىن تەركىب تاپقان خاس ئىسىملارغا the قوشۇلىدۇ.<br>مەسىلەن:<br>the People's Republic of China | |

## PHONETICS

### كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى

1) ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كۆپ بوغۇملۇق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى كۆپ ھاللاردا كەينىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. بۇ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى كۆپ ھاللاردا قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

'monitor (3 2 1)   'capital (3 2 1)

A'merican (3 2 1)   ac'ti vity[æk'tiviti] (3 2 1)   (پائالىيەت)

-tion، -ic قاتارلىق سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردە سۆز ئۇرغۇسى كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. مەسىلەن:

dic'tati on (2 1)   re'public[ri'pʌblik] (2 1)   (جۇمھۇرىيەت)

2) بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە ئىككى ئۇرغۇ، يەنى ئاساسىي ئۇرغۇ ۋە قوشۇمچە ئۇرغۇ بولىدۇ. قوشۇمچە ئۇرغۇ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىن تارتىپ ئالدىغا قاراپ سانىغاندا ئۈچىنچى بوغۇمدا بولىدۇ. مەسىلەن:

ˌuni'versity (3 2 1),   ˌsitu'ation [ˌsitju:'eiʃən] (3 2 1)   (ۋەزىيەت)

## EXERCISES

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە U ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:**



use, student, usually

run, us, under, summer

U ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوچۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

U ھەرپىنىڭ ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە r لىق بوغۇمنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| car | garden | party | |
| her | verb | serve | |
| girl | first | bird | |
| form | corner | mornning | |
| work | world | word | |
| turn | hurt | fur | |
| grammar | summer | professor | Saturday |

ar نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

er نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

ir نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

or نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى [　　]، w نىڭ كەينىدە [　　] ئوقۇلىدۇ.

ur نىڭ ئۇرغۇلۇق بوغۇمدىكى ئوقۇلۇشى [　　]

ar, er, or, ur نىڭ ئۇرغۇسىز بوغۇمدىكى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشى [　　]

**3. بېرىلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللىنىپ ئادەتتىكى كەلگۈسى زامانغا جۈملە تۈزۈڭلار، ئاندىن سوراق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار:**

| | |
|---|---|
| go to the hospital | tomorrow |
| speak to us about one's plan | tonight |
| be at home | this afternoon |
| have a meeting | next week |
| be an English talk | on Friday evening |

4 . بېرىلگەن سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللىنىپ جۈملىلەرنى تاماملاڭلار ھەمدە جاۋاب بېرىڭلار:

1. When will you (they, he, she)…?
   1) go to see her  2) have an English Evening
   3) go to school  4) clean the windows
2. Where shall we…?
   1) have our class meeting  2) meet this evening
   3) plant the trees  4) go to work
3. Will you please…?
   1) open the door
   2) write down your name here
   3) help me with my study
   4) go and get some water
4. Shall I (we)…?
   1) read the next text  2) close the window
   3) come in  4) do the work for you

5 . ئۈلگىگە ئاساسەن، بېرىلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللىنىپ دىئالوگ تۈزۈڭلار:

(A)

— When shall we have our English Evening?



www.uyghurkitap.com

— We'll have it on Saturday evening.
— Where shall we have it?
— We'll have it in our classroom.
— What time will it begin?
— It'll begin at eight.

| | | |
|---|---|---|
| classroom<br>big hall<br>in Erkin's house | tonight<br>this afternoon<br>on Sunday evening | 1) League meeting<br>2) film<br>3) party |

(B)

— Who is going to speak to us?
— Mr. Rishat is gonig to speak to us.
— What will he speak about?
— He will speak about life in the factory.

| | |
|---|---|
| our English study<br>people's life in Australia<br>plan for next month's work | 1) our teacher<br>2) An Australian student<br>3) our monitor |

6 . ئارتىكل بىلەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1. There is ______ map of ______ China on the blackboard.
2. On ______ Wednesday afternoon she usually goes to ______ park.
3. ______ woman over there is my teacher.
4. This is ______ Mr. Hunter's study. In his study there are ______ lot of books and magazines.
5. There are twenty-four hours in ______ day.
6. He works in ______ office over there. He works

from about 9 in ______ morning to 6 in ______ evening.

7. What ______ beautiful garden!
8. Where are ______ students of ______ Class Five? ______ They are in ______ classroom. They are having ______ meeting.
9. This is ______ Uighur book. ______ book is very interesting.
10. What do you do after ______ class?

**7. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

1. Is this an announcement in French?
2. Does it say there will be an English talk in the big hall at two o'clock this afternoon?
3. Who is coming to talk to us?
4. What will she talk about?
5. Will there be a performance? When?
6. What are we going to do while we listen?
7. When will the teacher answer our questions?
8. What is our teacher going to do at six tonight?

**8. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. بىر پارچە قەغەز
2. كىچىك دراما ئويناش
3. بىنانىڭ ئالدىدا
4. ژۇرناللارنى تاپشۇرۇش
5. پىيادە بېرىش
6. خاتىرە قالدۇرۇش
7. كۆز پەسلىدە
8. يېرىم سائەت

**9. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. سىڭلىڭىز قاچان ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ؟



8 ـ ئايدا كېلىدۇ.

2. ئۇ بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە بولامدۇ؟
ياق، ئۇ ئۆيدە بولىدۇ.
3. ئەتە كىنو بارمۇ؟
ھەئە، ئامېرىكىنىڭ بىر كىنوسى بار. ئۇ ناھايىتى قىزىق كىنو.
4. بۈگۈن مۇھىم ئۇقتۇرۇش بار. دەرستىن كېيىن ئۇنى ئاڭلايمىز.
5. سىلەر دائىم ئىنگلىز تىلى كېچىلىكى ئۆتكۈزەمسىلەر؟
6. 7 ـ بىنانىڭ ئالدىدا بالىلار ئويۇن ئويناۋاتامدۇ؟
7. چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر كانادالىق ئوقۇغۇچى كانادادىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچى.
8. بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. رەھمەت سىلەرگە.

www.uyghurkitap.com

## DIALOGUE

### HOMEWORK FOR TODAY

— What's our homework for today?
— We'll copy the first two paragraphs of the text and also translate some sentences into English.
— What shall we do for oral practice?
— We'll ask each other questions on the text.
— We will have listening tonight, won't we?
— No, not tonight. We'll have it tomorrow evening.
— Another thing. Today is Thursday, isn't it? I have to hand in a book report tomorrow.
— That shouldn't be too difficult for you.
— No, it's not difficult. Still, it's quite a lot of work.
— I wish you good luck.
— Thank you.

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

| | | |
|---|---|---|
| bear | [bɛə] *n.* | ئېيىق |
| narrator | [næ'reitə] *n.* | بايان قىلغۇچى |
| forest | ['fɔrist] *n.* | ئورمانلىق |
| look | [luk] *v.* | قارىماق |
| wild | [waild] *a.* | ياۋايى |
| animal | ['ænimәl] *a.* | هايۋان |
| worry | ['wʌri] *v.*, *n* | ئەنسىرىمەك |
| surely | ['ʃuəli] *ad.* | جەزمەن، ئەلۋەتتە |



| | | |
|---|---|---|
| too | [tuː] *ad.* | ـ مۇ |
| right | [rait] *a.* | توغرا |
| all right | | بولىدۇ |
| suddenly | ['sʌdnli] *a.* | تۇيۇقسىز |
| something | ['sʌmθiŋ] *pron.* | مەلۇم نەرسە |
| black | [blæk] *a.* | قارا |
| way | [wei] *n.* | يول |
| quickly | ['kwikli] *ad.* | تېز، چاققان |
| climb | [klaim] *v.* | ياماشماق |
| hide | [haid] *v.* | يوشۇرۇنماق |
| among | [ə'mʌŋ] *prep.* | ... ئارىسىدا |
| leaf | [liːf] *n.* | يوپۇرماق |
| forget | [fə'get] *v.* | ئۇنتۇماق |
| throw | [θrəu] *vt.* | تاشلىماق |
| himself | [him'self] *pron.* | ئۆزى |
| ground | [graund] *n.* | يەر |
| eye | [ai] *n.* | كۆز |
| pretend | [pri'tend] *v.* | يالغاندىن ... بولماق |
| dead | [ded] *a.* | ئۆلۈك |
| even | ['iːvn] *ad.* | ھەتتا |
| nose | [nəuz] *n.* | بۇرۇن |
| close | [kləus] *a.*, [kləuz] *vt.* | يېقىن، ياپماق |
| mouth | [mauθ] *n.* | ئېغىز |
| ear | [iə] *n.* | قۇلاق |
| away | [ə'wei] *ad.* | ئايرىلماق |
| never | ['nevə] *ad.* | ھەرگىز... ـ ماسلىق |
| touch | [tʌtʃ] *vt.*, *n.* | تەگمەك |
| smile | [smail] *n.*, *v.* | كۈلۈمسىرىمەك |

| | | |
|---|---|---|
| said | [sed] *v.* | say نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
| trust | [trʌst] *vt.*, *n.* | ئىشەنمەك، ئىشەنچ |
| leave | [li:v] *vt.* | ئايرىلماق |
| difficulty | ['difikəlti] *n.* | قىيىنچىلىق |
| indeed | [in'di:d] *ad.* | ھەقىقەتەن |

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

| | | |
|---|---|---|
| homework | ['həumwə:k] *n.* | ئائىلە تاپشۇرۇقى |
| copy | ['kɔpi] *vt.* | كۆچۈرمەك |
| paragraph | ['pærəgrɑ:f] *n.* | ئابزاس |
| translate | [trɑ:ns'leit] *vt.* | تەرجىمە قىلماق |
| sentence | ['sentəns] *n.* | جۈملە |
| into | ['intə] *prep.* | ... ئىچىگە |
| oral | ['ɔ:rəl] *a.* | ئېغىزچە |
| ask | [ɑ:sk] *vt.* | سورىماق |
| listening | ['lisniŋ] *n.* | ئاڭلىماق |
| another | [ə'nʌðə] *a.*, *pron.* | يەنە بىرى، باشقىسى |
| thing | [θiŋ] *n.* | نەرسە |
| report | [ri'pɔ:t] *n.* | دوكلات |
| difficult | ['difikəlt] *a.* | قىيىن |
| luck | [lʌk] *n.* | تەلەي |



> **EVERYDAY ENGLISH**
>
> — A lovely day, isn't it?
>
> — Yes, a nice day! But it's already October. Winter will soon be here.
>
> — Winter is a good season for sports. And the city looks beautiful in the snow.
>
> — Yes, that's true.
>
> already [ɔ:l'redi] *ad.* ئاللىقاچان
>
> soon [su:n] *ad.* ئۇزۇن ئۆتمەي
>
> sport [spɔ:t] *n.* تەنھەرىكەت

## Notes to the Text

1. If we meet any, I'll help you, and you can help me, too.
ئەگەر يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئۇچراپ قالساق، مەن سىزگە ياردەم بېرەي، سىزمۇ ماڭا ياردەم بېرىڭ.
بۇ جۈملىدە ئالماش بولۇپ any (any wild animals) ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

2. So the two of them walk on.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
بۇ جۈملىدىكى رەۋىش on «داۋاملاشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: work on ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش، speak on گەپنى داۋاملاشتۇرۇش.

3. Suddenly they see something black.

ئۇلار تۇيۇقسىز قاپقارا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.
something قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماشلارنى ئېنىقلاپ كەلگەن ئېـنـىـقلىغۇچىنىڭ ئورنى چوقۇم مۇشۇ ئالماشلارنىڭ كەينىدە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

I'd like to read something interesting.

مېنىڭ قىزىق بىر نەرسە ئوقۇغۇم بار.

4. So he throws himself on the ground.

شۇڭا ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى.

5. the dead. ئۆلۈك (ئادەم ياكى هايۋان).

بەزى سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل قوشۇلسا، مۇشۇ خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئادەم ياكى شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

the old قېرى، قېرىلار

6. The bear put its nose so close to your ears.
What did it say to you?

ئېيىق تۇمشۇقىنى قۇلىقىڭغا شۇنداق يېقىن ئەكىلىپ، ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟

بۇ ئىككى جۈملىدە ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان قوللىنىلغان. بۇ زامان ئۆتكەنكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن هەرىكەت ياكى هالەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ خەۋەر پېئىلى ئۆتكەن زامان شەكلىدە بولۇشى كېرەك. بۇ تېكىستتىكى يەنە بىر جۈملە "The bear said ..." مۇ ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان.

7. Never trust those who leave their friends in difficulty.

دوستىنى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا تاشلىۋېتىدىغان كىشىگە هەرگىز ئىشەنمە.

who leave their friends in difficulty ئېـنـىـقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بولۇپ those نى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

8. A friend in need is a friend indeed.



www.uyghurkitap.com

ئېھتىياج بولغاندىكى دوست ھەقىقىي دوست.
بۇ ئىنگلىز تىلىدا ماقال ـ تەمسىل بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان دوست ھەقىقىي دوست» دېگەن ماقالىغا توغرا كېلىدۇ.

## GRAMMAR

### 1. قايتۇرما سوراق جۈملە

سوئال سورىغۇچىنىڭ مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن مەلۇم بىر كۆز قارىشى بولۇپ، ئۇنى جەزملەشتۈرەلمىگەندە، ئۆز كۆز قارىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قوللانغان سوراق جۈملە قايتۇرما سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. قايتۇرما سوراق جۈملە ئىككى تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. ئالدىنقىسى بايان جۈملە، كېيىنكىسى قىسقارتىلغان سوراق جۈملە. بۇ ئىككى تەركىب پەش «،» بىلەن ئايرىلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى تەركىب بولۇشلۇق شەكىلدە بولسا كېيىنكى تەركىب بولۇشسىز شەكىلدە بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە ئالدىنقى تەركىب بولۇشسىز شەكىلدە بولسا كېيىنكى تەركىب بولۇشلۇق شەكىلدە بولۇشى كېرەك. ئىككى تەركىب زامان، شەخس، سان جەھەتتە بىردەك بولۇشى كېرەك. جاۋاب شەكلى ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ جاۋاب شەكلى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

You are a doctor, aren't you?

سىز دوختۇر، شۇنداقمۇ؟

Yes, I am. ھەئە، شۇنداق.

He has a daughter, hasn't he?

ئۇنىڭ بىر قىزى بار، شۇنداقمۇ؟

No, he hasn't. ياق، يوق.

There is a map on the wall, isn't there?

تامدا بىر خەرىتە بار، شۇنداقمۇ؟

Yes, there is. ھەئە، شۇنداق.

They like it, don't they?

ئۇلار ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

No, they don't. ياق، ياخشى كۆرمەيدۇ.

She is coming, isn't she? ئۇ كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

Yes, she is. ھەئە، شۇنداق.

ئىزاھات:

1) بىرىنچى تەركىب بايان جۈملىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ئىسىم بولسا، ئىككىنچى تەركىب قىسقارتىلما سوراق جۈملىدە مۇۋاپىق كىشىلىك ئالماشقا ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك. مەسىلەن:

Mary will read the newspaper this evening, won't she?

مارى بۈگۈن كەچتە بۇ گېزىتنى ئوقۇيدۇ، شۇنداقمۇ؟

No, she won't. ياق، ئوقۇمايدۇ.

2) بايان جۈملە بولۇشسىز شەكىلدە بولسا، جاۋاب بېرىلگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتى ئوخشىمايدۇ. ئىنگلىز تىلىدا ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئاساس قىلىنىپ، ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولۇشلۇق بولسا، جاۋابنىڭ ئىككىلا تەركىبى بولۇشلۇق، ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولۇشسىز بولسا، جاۋابنىڭ ئىككىلا تەركىبى بولۇشسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

Your room isn't on the second floor, is it?

ئۆيىڭىز ئىككىنچى قەۋەتتە ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

Yes, it is. ياق، ئىككىنچى قەۋەتتە.

He doesn't know German, does he?

ئۇ نېمىسچىنى ئۇقمايدۇ، شۇنداقمۇ؟



No, he doesn't. ھەئە، ئۇقمايدۇ.

## 2. دەرىجە سان

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار دەرىجە سان دەپ ئاتىلىدۇ. «بىرىنچى» دىن، «يىگىرمىنچى» گىچە بولسا، دەرىجە سانلار تۆۋەندىكىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| one | #first | eleven | eleventh |
| two | #second | twelve | #twelfth |
| three | #third | thirteen | thirteenth |
| four | fourth | fourteen | fourteenth |
| five | #fifth | fifteen | fifteenth |
| six | sixth | sixteen | sixteenth |
| seven | seventh | seventeen | seventeenth |
| eight | #eighth | eighteen | eighteenth |
| nine | #ninth | nineteen | nineteenth |
| ten | tenth | twenty | #twentieth |

1) one, two, three قاتارلىقلارغا ماس كېلىدىغان دەرىجە سانلار first, second, third بولغاندىن سىرت، باشقا دەرىجە سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا th – قوشۇلۇش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. لېكىن جەدۋەلدىكى # بەلگىسى قويۇلغان دەرىجە سانلارنىڭ يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن:

twentieth [′twentiiθ]، twelfth [twelfθ]، ninth [nainθ]،

eighth [eitθ]، fifth [fifθ]

2) twenty دىن يۇقىرى ئونلۇق سانلارنىڭ دەرىجە شەكلى -ty[ti] بىلەن ئاخىرلاشقان سانلاردىكى y نى i غا ئۆزگەرتىپ -eth [iθ] قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

ئۆزى ماس كېلىدىغان ساناق ساندىن بىر بوغۇم ئارتۇق بولىدۇ. مەسىلەن:

fifty—fiftieth ['fiftiiθ]

3) 21 – دىن 99 – غىچە بولغان دەرىجە سانلارنى يازغان چاغدا ئەگەر بىرلەر خانىسى نۆل بولمىسا، بىرلەر خانىسى بىلەن ئونلار خانىسى ئارىسىغا سىزىقچە «-» قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

thirty-first, twenty-second, ninety-sixth

4) دەرىجە سان ئېنىقلىغۇچى بولغان چاغدا ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل the قوللىنىلىشى كېرەك. مەسىلەن:

the third lesson ئۈچىنچى دەرس

the eighth day سەككىزىنچى كۈنى

**ئىزاھات:**

شەيئىلەرگە نومۇر قويۇلغاندا ساناق سانلار ئارقىلىق شۇ شەيئىنىڭ تەرتىپىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى نومۇر قويۇلغان شەيئى ساناق سانىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. يازغاندا ھەربىر سۆزنىڭ تۇنجى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

Lesson Seventeen, Class Four

Room 506 ['rum'faiv'əu'siks]

Bus No. 101 ['bʌsˌnʌmbə'wʌn 'əu 'wʌn]

101 - يولنىڭ ئاپتوبۇسى

No.=number

### 3. ئالدى قوشۇلغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى

ئالدى قوشۇلغۇچى ئۆزىنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماش بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: in the school, on the desk، ئالدى



قوشۇلغۇچىنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماشنى ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى دەپ ئاتايمىز. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى ئەگەر كىشىلىك ئالماش بولسا چوقۇم ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى قوللىنىلىشى كېرەك. مەسىلەن: from me, between us, to him ئالدى قوشۇلغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك روللاردا كېلىدۇ:

1) ھالەت:

What is there in the desk?

پارتىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

They are going to play on the grass.

ئۇلار چىملىقتا ئوينىماقچى.

2) ئېنىقلىغۇچى:

The girl on the right is his sister.

ئوڭ تەرەپتىكى ئۇ قىز ئۇنىڭ ھەدىسى.

How do you like the book on the desk?

پارتىدىكى كىتابقا قانداق قارايسىز؟

3) كېسىم خەۋەر:

The students of Class Four are in the classroom.

تۆتىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپتا.

Her father is often out of work.

ئۇنىڭ دادىسى دائىم ئىشسىز قالىدۇ.

بەزى ئالدى قوشۇلغۇچلار ئۆتۈمسىز پېئىل بىلەن سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

What is he looking at?

ئۇ نېمىگە قاراۋاتىدۇ؟

I am looking for my book.

مەن كىتابىمنى ئىزدەۋاتىمەن.

Arzigul is going to look after the children.

ئارزۇگۈل بالىلارغا قارىماقچى.

## PHONETICS

### قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى

قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ئالدىنقى تەركىبى تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە بىلەن كېيىنكى تەركىبى يۇقىرىلىغان ياكى تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇلىدۇ. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى چوڭ بولمىسا يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى چوڭ بولسا تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

(سوئال سورىغۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە ئىشەنچىسى چوڭ بولمىسا)



He is going to school, isn't he?

(سوئال سورىغۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە ئىشەنچىسى چوڭ بولسا)



It's lovely weather, isn't it?



## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغىلار ۋە ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلەر بىرىكمىسىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. physics, photo
   ھەرپلەر بىرىكمىسى ph ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.
2. quite, question, quickly.
   ھەرپلەر بىرىكمىسى qu ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.
3. she, short, wish, fish.
   ھەرپلەر بىرىكمىسى sh ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.
4. this, month, those, throw.
   ھەرپلەر بىرىكمىسى th ئادەتتە [ ] ياكى [ ] ئوقۇلىدۇ.
5. chair, hair, care, here, there, where.
   ھەرپلەر بىرىكمىسى air, are ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.
   ھەرپلەر بىرىكمىسى ere ئادەتتە [ ] ياكى [ ] ئوقۇلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغىلار ۋە قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە دىققەت قىلىڭلار:

1. You go there every day, don't you?
2. Behtiyar isn't coming, is he?
3. She won't study German, will she?
4. They are going to work in that factory, aren't they?
5. There is some water in the bottle, isn't there?

www.uyghurkitap.com

6. Nurnisa has a daughter, hasn't she?

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى قايتۇرما سوراق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە جاۋاب بېرىڭلار:**

1. Jane won't come.
2. She isn't a college student.
3. They have English classes every morning.
4. We are going by bus.
5. It doesn't rain very often here in spring.
6. There are many big buildings in her home town.
7. Life at college is very interesting.
8. Many students in this class are from Urumqi.

**4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىڭلار:**

1. The letter on that desk is for you.
2. He is waiting for us at the door.
3. Those three pictures on the wall are about life in the factory.
4. There is a table in front of the blackboard.
5. The students in his group often help him with his study.
6. They come from different parts of the country.

**5. مۇۋاپىق ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:**

1. English is very useful ______ us.
2. The boys live ______ the first floor, don't they?
3. Will you please come and have a look ______ the



picture?

4. Look! She is sitting ______ her students over there.
5. He'll go and get it ______ Wednesday morning.
6. The People's Park is not very far ______ my home.
7. The teacher is having a chat ______ the monitor.
8. Some of us are going ______ foot. Others are going ______ bike.
9. The students ______ Class Six are busy ______ their wall newspaper.
10. Let's meet ______ the bus-stop ______ half ______ three ______ this afternoon.

**6. تۆۋەندىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە سۆز تۈركۈمىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:**

1. 1) Do you study any foreign language?
   2) Professor Hunter is now in his study.
2. 1) Their classroom is clean.
   2) She cleans her room every day.
3. 1) Every student is looking at the blackboard.
   2) Let me have a look at it.
4. 1) It's going to rain.
   2) We have a lot of rain this year.

**7. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:**

1. Where do people like to go for a walk?

2. What does one of them say to the other?
3. What do the two friends suddenly see? What's that?
4. What does one of the two men do after they see the big bear?
5. What does the other man do?
6. Does the bear come up to the man?
7. What does it do after that?
8. Does the bear say anything to the man?
9. What does the text tell us?

**8. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

A

1. 8 - كۈنى؛ 2. 9 - ھەپتە؛ 3. 7 - قەۋەت؛ 4. 21 - دەرس؛ 5. 2 - توقۇمىچىلىق زاۋۇتى؛ 6. 104 - يول ئاپتوبۇسى؛ 7. 413 - ئۆي؛ 8. 15 - بىنا

B

1. 1990 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
2. 1959 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
3. 1986 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى
4. 1776 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

**9. تىرناق ئىچىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى**



**تاماملاڭلار:**

1. We'll write to him ________. (كېلەر پەيشەنبە)
2. School usually begins ________. (1 - سېنتەبىر)
3. His wife can speak ________. (بىرنەچچە خىل چەت ئەل تىلى)
4. I'll meet him ________. (باغچىدا، ئەتە)
5. We always have a good time ________. (يېڭى يىلدا)
6. They are going to have a meeting ________. (بۈگۈن كەچتە)
7. Are you going ________? (پىيادە ياكى ئاپتوبۇستا)
8. Who are they ________? (ساقلاۋاتىدۇ)

**10. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:**

1. ئەتە ھاۋا ئىللىق بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟
2. ئىنىڭىز ئىنستىتۇتتا ئوقۇماقچى، شۇنداقمۇ؟
3. ئۇ دەرەخقە يامىشىپ چىقالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟
4. قاراڭ، دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدا بىر ئالتۇن رەڭلىك نەرسە تۇرىدۇ.
5. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى بار. بىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرەيلى.
6. ئۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەمدۇ ياكى دۇكاندا ئىشلەمدۇ؟
7. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى 5 - قەۋەتتە.
8. مېنىڭچە، ئەتە يامغۇر ياغىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# Lesson Eighteen ئون سەككىزىنچى دەرس

تېكىست: How Did You Lose Your Way There?
دىئالوگ: After the Test
گرامماتىكا: 1. ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان
2. ئېنىقسىز ئالماش Some, any, no قاتارلىقلار
فونېتىكا: تۆۋەنلىگەن ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە-دىن قىسقىچە خۇلاسە

## TEXT

### HOW DID YOU LOSE YOUR WAY THERE?

Mrs. Brown's old grandfather lived with her and her husband. Every morning he went for a walk in the park and came home at half past twelve for his lunch.

But one morning a police car stopped outside Mrs. Brown's house at twelve o'clock, and the policemen helped the old grandfather to get out. One of them said to Mrs. Brown, "The poor old man lost his way in the park and



telephoned us for help, so we sent a car to bring him home". Mrs. Brown was very surprised, but she thanked them and they left.

"But grandfather", she then said, "You have been to that park nearly every day for twenty years. How did you lose your way there?"

The old man smiled, closed one eye and said, "I didn't quite lose my way. I just got tired and I didn't want to walk home!"

## DIALOGUE

### AFTER THE TEST

— How did you do in yesterday's test?

— Not very well, I'm afraid. I made a mistake in grammar and two spelling mistakes. I wasn't careful enough.

— We all make mistakes. But we can learn from our mistakes, can't we?

— How did you do? Did you get everything right?

— I didn't make any mistakes, but my handwriting was poor.My teacher told me to pay more attention to that.

— By the way, there are some new words in Lesson Eighteen. I can't read them well. Will you help me?

— Oh, I didn't have much time to learn the new words yesterday. Let's study together this afternoon.

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE TEXT

lose [lu:z](lost[lɔst]) *vt.* يىتتۈرمەك

lose one's way ئېزىپ قالماق

Brown [braun] *n.* بىرووۋن (ئەرلەر ئىسمى)

grandfather ['grænd'fɑ:ðə] *n.* بوۋا، چوڭ دادا

husband ['hʌzbənd] *n.* ئېرى

lunch [lʌntʃ] *n.* چۈشلۈك تاماق

police [pə'li:s] *n.* ئەر ساقچى

stop [stɔp] *vi.*, *vt.* توختىماق

outside ['aut'said] *prep.*, *ad.* - نىڭ سىرتىدا

house ['haus] *n.* (*pl.houses* ['hauziz]) ئۆي

policeman [pə'li:smən] *n.* (pl. policemen [pə'li:smən]) ئەر ساقچى

poor [puə] *a.* بىچارە، نامرات، كەمبەغەل

telephone ['telifəun] *n.*, *vt.* تېلېفون بەرمەك

send [send](sent [sent]) *vt.* ئەۋەتمەك

surprised [sə'praizd] *a.* ھەيران قالماق

been [bi:n] *v.* (be نىڭ ئۆتكەن بۆلەك سۆزى)



nearly ['niəli] *ad.* تاس قالماق، ... دېگۈدەك، ئازلا قالماق

tired [taiəd] *a.* چارچىماق

## WORDS AND EXPRESSIONS TO THE DIALOGUE

test [test] *n.* سىناق

yesterday ['jestədi] *n.*, *ad.* تۈنۈگۈن

mistake [mis'teik] *n.* خاتالىق

make a mistake خاتالاشماق، خاتالىق ئۆتكۈزمەك

grammar ['græmə] *n.* گراماتىكا

spelling ['speliŋ] *n.* قوشۇپ يېزىش

careful ['kɛəful] *a.* ئېھتىياتچان

learn from - دىن ئۆگەنمەك

everything ['evriθiŋ] *pron.* ھەممە نەرسە

get something right - نى توغرا قىلماق

handwriting ['hændraitiŋ] *n.* قولىيازما، خەتتاتلىق

tell [tel] (told [təuld]) *vt* ئېيتماق

pay [pei] (paid [peid]) *vt* تۆلىمەك، قويماق

attention [ə'tenʃən] *n* دىققەت

pay attention to دىققەت قىلماق

by the way گېزى كەلگەندە، ھە راست، سورىماق

together [tə'geðə] *ad* بىللە

www.uyghurkitap.com

## EVERYDAY ENGLISH

— How are you getting on with your English?
— Not very well, I'm afraid.
— What's the trouble?
— I just don't know.
— Do you speak English a lot?
— No, I like to read. I don't like to speak English.
— You what? you don't like to speak English? But you must.
— I make a lot of mistakes when I speak.
— We all make a lot of mistakes at first. Keep on speaking, and you'll speak better.

get on with كېتىپ بارماق    just [dʒʌst]*ad.* پەقەتلا…
at first دەسلەپتە، ئالدى بىلەن    keep [kiːp]*vt* ساقلىماق
keep on داۋاملاشتۇرماق    better ['betə]*a.*, *ad.* ياخشىراق

### Notes to the text

1. Every morning he went for a walk in the park....

هەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ باغچىدا سەيلە قىلىدۇ.

to go for a walk تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى بولۇپ «سەيلە قىلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

He usually goes for a walk in the college gardens after supper.



ئۇ ئادەتتە كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىنستىتۇتنىڭ گۈللۈكىدە سەيلە قىلىدۇ.

2. But one morning....

ئەمما، بىر كۈنى ئەتىگەندە….

one سۆپەت بولۇپ morning, afternoon, evening قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا كەلسە «مەلۇم بىر كۈنى… دە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

One evening he came to see me.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ مېنى كۆرگىلى كەلدى.

3. … and the policemen helped the old grandfather to get out.

ساقچىلار بۇ بوۋاينىڭ ماشىنىدىن چۈشۈشىگە ياردەم بەردى.

to help somebody (to) do something «مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشىغا ياردەم بەرمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

She always helps me (to) study English grammar.

ئۇ دائىم مېنىڭ ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى ئۆگىنىشىمگە ياردەم بېرىدۇ.

4. …" You have been to that park nearly every day for twenty years.…"

يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك باغچىغا باردى.

بۇ جۈملىدىكى have been بولسا، ھازىرقى پۈتكەن زاماننىڭ شەكلى. بۇ مەزمۇنلار 2 ـ قىسىمدا سۆزلىنىدۇ.

# GRAMMAR

## 1. ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان

ئادەتتىكى ئۆتكەن زاماننىڭ شەكلى

1) ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قائىدىلىك پېئىللار ۋە قائىدىسىز پېئىللار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كۆپ قىسىم پېئىللار قائىدىلىك پېئىللاردۇر. قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئادەتتە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە ed— قوشۇلۇش بىلەن تۈزۈلىدۇ. ed— نىڭ قوشۇلۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) e- بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا d- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| use | used |
| live | lived |

(2) «y- ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپ» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا، ئالدى بىلەن y نى i غا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ed- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| study | studied |
| worry | worried |

(3) ئۇرغۇلۇق يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان، ئاخىرىدا پەقەت بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پېئىللارغا، ئالدى بىلەن شۇ ھەرپنى قايتا يېزىپ ئاندىن ed- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| chat | chatted |
| stop | stopped |

(4) يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن سىرت، كۆپ ھاللاردا پېئىلنىڭ



ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە بىۋاسىتە ed- قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| help | helped |
| play | played |
| hand | handed |
| work | worked |

### ed- نىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى

(1) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىدە [t] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| look | looked | [lukt] |
| stop | stopped | [stɔpt] |

(2) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىدە [d] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| plan | planned | [plænd] | |
| borrow | borrowed | [ˈbɔrəud] | (ئارىيەت ئالماق) |
| study | studied | [ˈstʌdid] | |

(3) t، d بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىدە [id] ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| want | wanted | [ˈwɔntid] |
| pretend | pretended | [priˈtendid] |

2) بەزى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى قائىدىسىز بولۇپ، بۇنداق پېئىللارنى پىششىق يادلاش كېرەك. بىز ھازىرغىچە ئۆگەنگەن قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى |
|---|---|---|---|
| be: am | was | make | made |
| are | were | meet | met |
| is | was | pay | paid |
| begin | began | put | put |
| bring | brought | read | read [red] |
| come | came | say | said [sed] |
| do | did | see | saw |
| forget | forgot | send | sent |
| get | got | sing | sang |
| go | went | sit | sat |
| have (has) | had | speak | spoke |
| hide | hid | stand | stood |
| know | knew | take | took |
| leave | left | teach | taught |
| let | let | think | thought |
| learn | learned, learnt | throw | threw |
| lose | lost | write | wrote |

**ئىزاھات:** تۇسلۇك پېئىل can, may, must نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى could [kud], might [mait] ۋە must بولىدۇ. ياردەمچى پېئىل shall, will نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى should [ʃud], would [wud] بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئۆتكەن زاماننىڭ بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلىدە ياردەمچى پېئىل did قوللىنىلىدۇ. ئادەتتىكى پېئىللارنىڭ ئادەتتىكى ئۆتكەن زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ:



| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I / You / He / She / We / You / They didn't work there. | I / You / He / She / We / You / They worked there. | Did I / you / he / she / we / you / they work there? |

**ئىزاھات:** did not نىڭ قىسقارتىلما شەكلى didn't ['didnt] بولىدۇ.

be پېئىلىنىڭ ئادەتتىكى ئۆتكەن زاماندىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز، سوراق شەكلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| بولۇشلۇق شەكلى | بولۇشسىز شەكلى | سوراق شەكلى |
|---|---|---|
| I was there. | I wasn't there. | Was I there? |
| You were there. | You werent't there. | Were you there? |
| He / She was there. | He / She wasn't there. | Was he / she there? |
| We / You / They were there. | We / You / They weren't there. | Were we / you / they there? |

**ئىزاھات:** was not بىلەن were not نىڭ قىسقارتىلما شەكلى wasn't ['wɔznt] ۋە weren't [wə:nt] بولىدۇ.

### ئادەتتىكى ئۆتكەن زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان ئۆتكەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز

بەرگەن ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولغان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ زامان دائىم ئۆتكەن ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان ھالەتلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ، بۇ خىل ۋاقىت ھالەتلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ. in 1959 (1959 - يىلدا)، last week (ئۆتكەن ھەپتە)، yesterday (تۈنۈگۈن)، before 1986 (1986 - يىلدىن ئىلگىرى)، (ئىلگىرى) [ə'gəu] four days ago تۆت كۈن ئىلگىرى قاتارلىقلار. مەسىلەن:

Mr. Brown spoke to us about his plan yesterday morning.

برۇۋن ئەپەندى تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىزگە ئۆزىنىڭ پىلانى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

He lived in this house fifteen years ago.

ئۇ بۇ ئۆيدە 15 يىل ئىلگىرى تۇرغانىدى.

We worked in that factory last month.

بىز ئۆتكەن ئايدا بۇ زاۋۇتتا ئىشلىگەنىدۇق.

She was in the army when I first met her.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا ئۇ ئارمىيىدە ئىدى.

Ilham was here a moment (['məumənt] بىردەمدە) ago.

ئىلھام ھېلىلا بۇ يەردە ئىدى.

Were you a student in 1994?

سىز 1994 - يىلى ئوقۇغۇچى ئىدىڭىزمۇ؟

Yes, I was. ھەئە، ئوقۇغۇچى ئىدىم.

Did they watch T.V. last night?

ئۇلار تۈنۈگۈن كەچتە تېلېۋىزور كۆردىمۇ؟

No, they didn't. ياق، كۆرمىدى.

## 2. ئىنكاسسىز ئالماش

some, any, no ئىنكاسسىز مىقداردىكى ئالماشلارنى



ئىپادىلەيدىغان ئالماش بولۇپ، some بىلەن any «بىراز، ئازراق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. some سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. كۆپىنچە بولۇشلۇق جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. any سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. كۆپىنچە سوراق ياكى بولۇشسىز جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

Some children are playing on the grass.

بىرقانچە بالا چىملىقتا ئويناۋاتىدۇ.

Let's get some fruit for the children.

بالىلارغا ئازراق مېۋە ئالايلى.

Is there any picture on the wall?

تامدا رەسىم بارمۇ؟

Have you any questions to ask?

سورايدىغان سوئاللار بارمۇ؟

We didn't have any rain last month.

ئۆتكەن ئايدا يامغۇر ياغمىدى.

**ئىزاھات:** some بىلەن any نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى جۈملىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، some بىلەن any بىۋاستە تەرجىمە قىلىنمايدۇ. لېكىن تەرجىمىدە ئۇنىڭ مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ.

no «يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. not any گە توغرا كېلىدۇ. كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ بولۇشسىز جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكىنى ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

I have no question to ask.

مېنىڭ سورايدىغان سوئالىم يوق.

There are no new words in this paragraph.

بۇ ئابزاستا يېڭى سۆزلەر يوق.

There is no fruit on the table.

جوزىنىڭ ئۈستىدە مېۋە يوق.

ئۇنىڭدىن باشقا some, any, no نىڭ كەينىگە one, body, thing سۆزلىرى كېلىپ بىرىكمە ئالماشلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| somebody | anybody | nobody |
| someone | anyone | no one |
| something | anything | nothing |

بۇ بىرىكمە ئالماشلارنىڭ ھەممىسى بىرلىك دەپ قارىلىدۇ. some ۋە any بىلەن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئالماشلار «مەلۇم ئادەم، مەلۇم نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. some بىلەن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئالماشلار كۆپىنچە بولۇشلۇق جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. any بىلەن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئالماشلار سوراق ۋە بولۇشسىز جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. no بىلەن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئالماشلار «ھېچكىم، ھېچ نەرسە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بولۇشسىز جۈملىدە قوللىنىلىدۇ.

Someone is waiting for you. سىزنى بىرى ساقلاۋاتىدۇ.

Can anybody answer the question in English?

بۇ سوئالغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرەلەيدىغانلار بارمۇ؟

No one will be here tonight.

بۈگۈن كەچتە ھېچكىم بۇ يەردە بولمايدۇ.

I know nothing about it.

مەن بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيمەن.



www.uyghurkitap.com

Let's get something to read.

ئوقۇيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلەيلى.

Do you want anything? بىر نەرسە ئالامسىز؟

بۇ بىرىكمە ئالماشلار ئىگە بولغاندا پېئىللارنىڭ Ⅲ شەكلى شەخس بىرلىك شەكلىدە بولۇشى كېرەك.

**ئىزاھات:** every مۇ body, one, thing لار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ everybody, everyone, everything دېگەندەك بىرىكمە ئالماشلارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

Everybody says he is a good student.

ھەممە كىشى ئۇنى ياخشى ئوقۇغۇچى دەيدۇ.

Everyone here knows English well.

بۇ يەردىكى ھەممە كىشى ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلىدۇ.

To know everything is to know nothing.

ھەممە نەرسىنى بىلىش، ھېچنەرسىنى بىلمەسلىك (ماقال)

## PHONETICS

### تۆۋەنلىگەن ۋە يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيىدىن قىسقىچە خۇلاسە

1. تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيە

ئىنگلىز تىلىدا تۆۋەنلىگەن ئىنتوناتسىيىدە قوللىنىلىدىغان جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ:

1) بايان جۈملە.



Our life is rich and interesting.

2) ئالاھىدە سوراق جۈملە.

What's our homework for today?

3) ئۇندەش جۈملە.

How clean and tidy your room is!

4) بۇيرۇق جۈملە.

Bring your English books next time.

2. يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە

ئىنگلىز تىلىدا يۇقىرىلىغان ئىنتوناتسىيە قوللىنىلىغان جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ:

1) ئادەتتىكى سوراق جۈملە

Are you from Turpan?

Can I help you?

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ھالەت كەلگەندە

After the talk there will be a film.

Because he was busy, he didn't come to the party.

3) تەڭداش بۆلەكلەردە

They have English, French and German books.

4) قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرقى يېرىم قىسمىدا:

You are a student, aren't you?

They went to town, didn't they?



## EXERCISES

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپ بىرىكمىلىرىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

1. child, chat, watch

ھەرپلەر بىرىكمىسى tch, ch ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.

2. long, English, sing

ھەرپلەر بىرىكمىسى ng ئادەتتە [ ] ياكى [ ] ئوقۇلىدۇ.

3. thank, think.

ھەرپلەر بىرىكمىسى nk ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.

4. who, where, what.

ھەرپلەر بىرىكمىسى wh ئادەتتە [ ] ياكى [ ] ئوقۇلىدۇ.

5. write, wrong.

ھەرپلەر بىرىكمىسى wr ئادەتتە [ ] ئوقۇلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇپ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلىڭلار:

black different grade looks brother
small friend clean please glass

3. تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى يېزىپ چىقىڭلار ۋە ئۈنلۈك ئوقۇڭلار:

come plan rain say ask go
begin stand leave meet climb teach
answer know take see listen learn

4. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى قوللىنىپ دىئالوگ تۈزۈڭلار:

— Did you go to the park by bus yesterday?

— No, I didn't. I didn't go to the park yesterday. I went there the day before yesterday.

1. be out yesterday morning
2. go to town last Sunday
3. begin to learn English
4. leave the hospital two days ago

**5. تۆۋەندە بېرىلگەن پېئىللارنىڭ مۇۋاپىق زامان شەكلى بىلەن بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:**

1. He often ______ (go) to college by bus, but yesterday he ______ (go) there by bike.
2. What ______ he ______ (speak) about this afternoon?
3. I ______ (see) him last month. He ______ (look) very old.
4. It often ______ (snow) here in winter, but it ______ not ______ (snow) last winter.
5. I ______ (not see) him in the classroom. Where ______ (be) he now?
6. Look! He ______ (read) a newspaper under the tree.
7. ______ you ______ (speak) English?
8. My father ______ (work) in a factory in Urumqi in 1965.
9. Is your mother at home? No, she ______ (work) in the clinic.
10. Last Sunday I ______ (get) up at 5. After we ______ (have) our breakfast (ناشتا), Bill and I ______ (go) to the People's Park. We ______ (get) there at about nine. The weather ______ (be) lovely. It ______ (be) sunny and warm. There ______ (be) a great number of people in the park. We ______ (take) a walk by the lake, then ______ (go) to see an exhibition in one of the buildings. We ______ (look) at the flowers and ______ (watch) the children play. We ______ (have) a good time. It ______ (be) nearly three o'clock when we ______ (get) back to school.



**6. ئېنىقسىز ئالماشلار بىلەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار:**

(A) some, any, no

1. Are there ______ pictures on the wall? No, there aren't ______ there.
2. Have you ______ questions to ask? No, we have ______ questions to ask.
3. I want ______ red paper. Have you ______? Yes, there is ______ in my bedroom. I'll bring you ______ if you want ______.

(B) somebody, anybody, nobody (someone, etc.)

1. ______ wants to see you.
2. Has ______ an English-Uighur dictionary? No, ______ has one.
3. If ______ wants to go, he can go.
4. Is there ______ in the room? No, ______ is there. Everybody is in the department.

(C) something, anything, nothing

1. Is there ________ important you want to say? Yes, there is ________ very important.
2. Have you ________ more to ask? No, I have ________ more to ask.
3. I want to get ________ to read. Can you get ________ to read?

7. تۆۋەندىكى سوراق جۈملىلەرنى تاماملاڭلار ھەمدە جاۋاب بېرىڭلار:

1. ________ you writing a letter to him?
2. It is very cold, ________ ?
3. ________ he play well yesterday?
4. ________ she know German or ________ ?
5. ________ do you want?
6. ________ did she live last year?
7. Is the car green or ________ ?
8. They will help us, ________ ?
9. ________ I come in?
10. ________ you go and get the newspaper for you?

8. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1. Mrs. Brown's old grandfather lived with her and her husband, didn't he?
2. Where did he go for a walk every morning?
3. What stopped outside Mrs. Brown's house at twelve o'clock one morning?
4. What did one of the policemen say to Mrs. Brown?



5. Was Mrs. Brown very surprised or happy when she knew that he lost his way?
6. Why did the old man say that he lost his way?

9. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. بۇياقتا مېڭىش — 2. يالغاندىن ئۆلۈۋالماق
3. كېتىپ قالماق — 4. قىيىنچىلىقتا قالماق
5. ئالدىغا مېڭىۋەرمەك — 6. كۈلۈمسىرىگەن ھالدا
7. ئېغىزچە مەشىق — 8. –نى تاپشۇرماق
9. يولدىن ئېزىپ قالماق — 10. –گە دىققەت قىلماق

10. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

1. ئۇ تۈنۈگۈنكى يىغىندا سۆز قىلدى.
2. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بىز بىلەن بىللە تۇراتتى، ئەمما ئۇ ھازىر قەشقەردە.
3. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمىدى.
4. ئۇ بىرزگە ئىنگلىزچە سۆزلىمەكچىمۇ ياكى ئۇيغۇرچە سۆزلىمەكچىمۇ؟
ئۇ بىزگە ئۇيغۇرچە سۆزلىمەكچى.
5. مۇخپۇل 1993 – يىلى 6 – ئايدا غۇلجىغا بارغان.
6. تۈنۈگۈن كىنو كۆردىڭىزمۇ؟ ياق تۈنۈگۈن كىنو كۆرمىدىم، ئۆيدە ئۆگىنىش قىلدىم.
7. ئۆتكەن ھەپتىدىكى سىناقتا مەن گرامماتىكا جەھەتتە ئىككى قوشۇپ يېزىشتا ئۈچ يەردە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن.
8. ئوقۇيدىغان نەرسىڭىز بارمۇ؟ ھەئە بار، مەن بېرىپ ئوقۇيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلەي.

www.uyghurkitap.com



# سانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

## 1 . ساناق سانلار

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | one | 20 | twenty |
| 2 | two | 21 | twenty - one |
| 3 | three | 22 | twenty - two |
| 4 | four | 23 | twenty - three |
| 5 | five | 30 | thirty |
| 6 | six | 31 | thirty - one |
| 7 | seven | 40 | forty |
| 8 | eight | 50 | fifty |
| 9 | nine | 60 | sixty |
| 10 | ten | 70 | seventy |
| 11 | eleven | 80 | eighty |
| 12 | twelve | 90 | ninety |
| 13 | thirteen | 100 | one hundred |
| 14 | fourteen | 101 | one hundred and one |
| 15 | fifteen | 200 | two hundred |
| 16 | sixteen | 300 | three hundred |
| 17 | seventeen | 400 | four hundred |
| 18 | eighteen | 500 | five hundred |
| 19 | nineteen | 600 | six hundred |
| | | 700 | seven hundred |



| | |
|---|---|
| 800 | eight hundred |
| 900 | nine hundred |
| 1,000 | one thousand |
| 100,000 | one hundred thousand |
| 1,000,000 | one million |

## 2 . دەرىجە سانلار

| | |
|---|---|
| first | بىرىنچى |
| second | ئىككىنچى |
| third | ئۈچىنچى |
| fourth | تۆتىنچى |
| fifth | بەشىنچى |
| sixth | ئالتىنچى |
| seventh | يەتتىنچى |
| eighth | سەككىزىنچى |
| ninth | توققۇزىنچى |
| tenth | ئونىنچى |
| eleventh | ئون بىرىنچى |
| twelfth | ئون ئىككىنچى |
| thirteenth | ئون ئۈچىنچى |
| fourteenth | ئون تۆتىنچى |
| fifteenth | ئون بەشىنچى |
| sixteenth | ئون ئالتىنچى |
| seventeenth | ئون يەتتىنچى |
| eighteenth | ئون سەككىزىنچى |
| nineteenth | ئون توققۇزىنچى |
| twentieth | يىگىرمىنچى |

| | |
|---|---|
| twenty - first | يىگىرمە بىرىنچى |
| twenty - second | يىگىرمە ئىككىنچى |
| twenty - third | يىگىرمە ئۈچىنچى |
| thirtieth | ئوتتۇزىنچى |
| thirty - first | ئوتتۇز بىرىنچى |
| fortieth | قىرىقىنچى |
| fiftieth | ئەللىكىنچى |
| sixtieth | ئاتمىشىنچى |
| seventieth | يەتمىشىنچى |
| eightieth | سەكسىنىنچى |
| ninetieth | توقسىنىنچى |
| (one)hundredth | يۈزىنچى |
| (one)hundredth and first | يۈز بىرىنچى |
| two hundredth | ئىككى يۈزىنچى |
| three hundredth | ئۈچ يۈزىنچى |
| four hundredth | تۆت يۈزىنچى |
| five hundredth | بەش يۈزىنچى |
| six hundredth | ئالتە يۈزىنچى |
| seven hundredth | يەتتە يۈزىنچى |
| eight hundredth | سەككىز يۈزىنچى |
| nine hundredth | توققۇز يۈزىنچى |
| (one) thousandth | مىڭىنچى |
| ten thousandth | ئون مىڭىنچى |
| (one) millionth | يۈز مىڭىنچى |

| | |
|---|---|
| (0) | nought; zero; 0 |
| (123) | one hundred and twenty three |
| (1300) | thirteen hundred; one thousand three hundred |
| (2,000) | two thousand |
| (4,502) | four thousand five hundred and two |
| (36,000) | thirty - six thousand |
| (45,879) | forty - five thousand eight hundred and seventy - nine |
| (500,000) | five hundred thousand |
| (8,000,000) | eight million |
| (43,000,000) | forty - three million |
| (1,080,000,000) | one billion and eighty million |
| (10,000,000,000) | ten billion |
| (300,000,000,000) | three hundred billion |
| (5,000,000,000,000) | five million million |



## 3. كەسىر سانلار

| | |
|---|---|
| (1/2) | one - half; a half |
| (1/3) | one - third |
| (1/4) | one - fourth |
| (1/5) | one - fifth |
| (2/5) | two - fifths |
| (7/8) | seven - eighths |
| (1/10) | one - tenth; a tenth |
| (1/100) | one - hundredth; one percent |
| (1/1000) | one - thousandth |
| (1/10000) | one ten thousandth |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4 . پىرسەنت

| | |
|---|---|
| (100%) | one hundred per cent |
| (0.5%) | piont five per cent |
| (0.37%) | point three seven per cent |

## 5 . پارچە سانلار

| | |
|---|---|
| (4.03) | four piont nought three |
| | four point 0 three |
| (7.0005) | seven point nought nought five |
| | seven point 00 five |
| (45.25) | forty - five piont two five |

## 6 . ۋاقىت

| | |
|---|---|
| 6:00 | six o' clock |
| | six a.m (چۈشتىن بۇرۇن) six p.m (چۈشتىن كېيىن) |
| 7:10 | ten past seven; seven ten |
| 8:15 | a quarter past eight; eight fifteen |
| 9:25 | twenty - five past nine; nine twenty - five |
| 10:30 | half past ten; ten thirty |
| 11:35 | eleven thirty - five; twenty - five to twelve |
| 12:45 | twelve forty - five |
| 13:50 | thirteen fifty |
| 15:00 | fifteen |



## 7 . يىل، ئاي، كۈن

| | |
|---|---|
| 1643 - يىل | sixteen forty - three |
| 1775 - يىل | seventeen seventy - five |
| 1898 - يىل | eighteen ninety - eight |
| 1900 - يىل | nineteen hundred |
| 2000 - يىل | twenty hundred |
| 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى | the eighth of March |
| 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | the first of May |
| 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | the first of October nineteen forty - nine |

## 8 . تېلېفون نومۇرى

| | |
|---|---|
| 117 | one one seven |
| 120 | one two oh |
| 2442 | two double four two |
| 3271 | three two seven one |
| 8123456 | eight one two three four five six |

## 9 . رىم رەقەملىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | I | 40 | XL |
| 2 | II | 41 | XLI |
| 3 | III | 50 | L |
| 4 | IV | 51 | LI |
| 5 | V | 60 | LX |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 | Ⅵ | 61 | L XI |
| 7 | Ⅶ | 62 | L XⅡ |
| 8 | Ⅷ | 70 | L XX |
| 9 | Ⅸ | 80 | L XXX |
| 10 | X | 90 | XC |
| 11 | Ⅺ | 100 | C |
| 12 | Ⅻ | 200 | CC |
| 13 | XⅢ | 300 | CCC |
| 14 | XⅣ | 400 | CCCC; CD |
| 15 | XV | 500 | D |
| 16 | XⅥ | 600 | DC |
| 17 | XⅦ | 700 | DCC |
| 18 | XⅧ | 800 | DCCC |
| 19 | XⅨ | 900 | CM |
| 20 | XX | 1000 | M |
| 21 | XXI | 2000 | MM |
| 22 | XXⅡ | 2500 | MMD |
| 30 | XXX | | |
| 31 | XXXI | | |



قوشۇمچە Ⅱ

# VOCABULARY

## A

| | | | |
|---|---|---|---|
| a | [ei,ə] *art.* | بىر دانە | 2 |
| about | [ə'baut] *prep.* | ... توغرىسىدا | 15 |
| afraid | [ə'freid] *a.* | - نىڭچە | 14 |
| after | ['ɑ:ftə] *prep.* | ...دىن كېيىن | 14 |
| afternoon | ['ɑ:ftə'nu:n] *n.* | چۈشتىن كېيىن | 6 |
| again | [ə'gen] *adv.* | قايتا | 11 |
| all | [ɔ:l] *prep.* | جەمئىي | 9 |
| also | ['ɔ:lsəu] *ad.* | - مۇ | 9 |
| always | ['ɔ:lwiz] *ad.* | ھەر دائىم | 8 |
| am | [æm,əm] *v.* | بولسا | 5 |
| American | [ə'merikən] *a.* | ئامېرىكىنىڭ | 10 |
| among | [ə'mʌŋ] *prep.* | - نىڭ ئارىسىدا | 17 |
| an | [æn,ən] *art.* | بىر دانە | 6 |
| and | [ænd,ənd] *conj.* | ۋە، بىلەن | 17 |
| animal | ['æniməl] *n.* | ھايۋانات | 17 |
| announcement | [ə'naunsmənt] *n.* | ئۇقتۇرۇش | 16 |
| another | [ə'nʌðə] *pron.* | يەنە بىر | 17 |
| answer | ['ɑ:nsə] *vt.* | جاۋاب بەرمەك | 16 |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| any | ['eni] *pron.* | 7 | بىرئاز، ھەرقانداق بىر |
| April | ['eiprəl] *n.* | 12 | ئاپرېل |
| are | [ɑ:] *v.* | 4 | بولسا |
| army | ['ɑ:mi] *n.* | 13 | ئارمىيە |
| as | [æz] *conj.* | 15 | ـ دەك، ـ تەك |
| ask | [ɑ:sk] *vt.* | 17 | سورىماق |
| at | [æt] *prep.* | 12 | ـ دا/ ـ دە ـ تا/ ـ تە |
| attention | [ə'tenʃən] *n.* | 18 | دىققەت |
| August | ['ɔ:gəst] *n.* | 12 | ئاۋغۇست |
| Australian | [ɔ:s'treiliən] *a.* | 15 | ئاۋستراليىلىك |
| away | [ə'wei] *ad.* | 17 | ئايرىلماق |

**B**

| | | | |
|---|---|---|---|
| back | [bæk] *ad.* | 16 | قايتماق |
| bag | [bæg] *n.* | 3 | سومكا |
| ball | [bɔ:l] *n.* | 6 | توپ |
| bat | [bæt] *n.* | 4 | شەپەرەڭ |
| bear | [bɛə] *n.* | 17 | ئېيىق |
| beautiful | ['bju:tiful] *a.* | 10 | گۈزەل |
| before | [bi'fɔ:] *prep* | 16 | ـ دىن بۇرۇن |
| begin | [bi'gin] *vt.* | 6 | باشلىماق |
| bell | [bel] *n.* | 2 | قوڭغۇراق |
| belong | [bi'lɔŋ] *vi.* | 13 | ـ گە تەۋە |



| | | | |
|---|---|---|---|
| bench | [bentʃ] *n.* | 3 | ئۇزۇن ئورۇندۇق |
| best | [best] *a.* | 12 | ئەڭ ياخشى |
| between | [bi'twi:n] *prep.* | 14 | ـ نىڭ ئارىسىدا |
| big | [big] *a.* | 8 | چوڭ |
| bike | [baik] *n.* | 4 | ۋېلسىپىت |
| biology | [bai'ɔlədʒi] | 13 | بىئولوگىيە |
| black | [blæk] *a.* | 17 | قارا |
| blackboard | ['blækbɔ:d] *n.* | 8 | دوسكا |
| book | [buk] *n.* | 6 | كىتاب |
| bottle | ['bɔtl] *n.* | 8 | پوتۇلكا |
| bowl | [bəul] *n.* | 6 | قاچا |
| box | [bɔks] *n.* | 5 | ساندۇق، قۇتا |
| bring | [briŋ] *vt.* | 11 | ئەكەلمەك |
| broom | [bru:m] *n.* | 6 | سۈپۈرگە |
| brother | ['brʌðə] *n.* | 7 | ئاكا ـ ئۇكا |
| building | ['bildiŋ] *n.* | 8 | بىنا |
| bus-stop | ['bʌsstɔp] *n.* | 15 | ئاپتوبۇس بېكەت |
| busy | ['bizi] *a.* | 12 | ئالدىراش |
| but | [bʌt] *conj.* | 7 | بىراق، ئەمما |
| by | [bai] *prep.* | 10 | ـ نىڭ يېنىدا، ئارقىلىق |

**C**

| | | | |
|---|---|---|---|
| can | [kæn] *mod.v.* | 15 | ـ لاي ـ / ـ لەي |
| Canadian | [kə'neidiən] *a.* | 15 | كانادالىق |

| | | |
|---|---|---|
| cap | [kæp] n. | 3 شەپكە |
| car | [kɑː] n. | 4 پىكاپ |
| care | [kɛə] n. | 13 كۆڭۈل بۆلمەك |
| careful | [kɛəful] a. | 18 ئېھتىياتچان |
| carefully | ['kɛəfuli] ad. | 13 ئېھتىياتچانلىق بىلەن |
| cat | [kæt] n. | 4 مۈشۈك |
| certainly | ['səːtənli] ad. | 16 ئەلۋەتتە |
| chair | [tʃɛə] n. | 8 ئورۇندۇق |
| change | [tʃeindʒ] vt. | 10 ئۆزگەرتمەك |
| chat | [tʃæt] vi. | 14 پاراڭلىشىش |
| chemistry | ['kemistri] n. | 9 خىمىيە |
| chess | [tʃes] n. | 14 شاھمات |
| child | [tʃaild] n. | 7 بالا |
| children | [tʃildrən] n. | 7 بالىلار |
| China | ['tʃainə] n. | 8 جۇڭگو |
| city | ['siti] n. | 10 شەھەر |
| class | [klɑːs] n. | 6 سىنىپ، دەرس |
| classmate | ['klɑːsmeit] n. | 9 ساۋاقداش |
| classroom | ['klɑːsrum] n. | 8 دەرسخانا |
| clean | [kliːn] a. | 8 پاكىز |
| climb | [klaim] v. | 17 ياماشماق |
| clinic | ['klinik] n. | 8 دوختۇرخانا |
| close | [kləuz] vt. | 17 ياپماق |
| cold | [kəuld] a. | 12 سوغۇق |
| college | ['kɔlidʒ] n | 16 ئىنستىتۇت |



| | | |
|---|---|---|
| come | [kʌm] vi. | 10 كەلمەك |
| copy | ['kɔpi] vt. | 17 كۆچۈرمەك |
| corner | ['kɔːnə] n. | 13 بۇلۇڭ |
| country | ['kʌntri] n. | 9 دۆلەت |
| crop | [krɔp] n. | 12 زىرائەت |

**D**

| | | |
|---|---|---|
| dance | [dɑːns] vt. | 14 ئۇسسۇل ئوينىماق |
| daughter | ['dɔːtə] n. | 7 قىز |
| day | [dei] n. | 11 كۈن |
| dead | [ded] a. | 17 ئۆلمەك |
| December | [di'sembə] n. | 12 دېكابىر |
| department | [di'pɑːtmənt] n. | 9 فاكۇلتېت |
| desk | [desk] n. | 4 پارتا |
| dialogue | ['daiəlɔg] n. | 12 دىئالوگ |
| dictation | [dik'teiʃən] n. | 6 ئاڭلاپ يازماق |
| different | ['difərənt] a. | 9 ئوخشىمايدىغان |
| difficult | ['difikəlt] a. | 17 قىيىن |
| difficulty | ['difikəlti] n. | 17 قىيىنچىلىق |
| do | [duː] vt | 11 قىلماق |
| doctor | ['dɔktə] n. | 5 دوختۇر |
| door | [dɔː] n. | 8 ئىشىك |
| down | [daun] ad. | 6 پەسكە |
| during | ['djuəriŋ] prep. | 12 ـ نىڭ جەريانىدا |

# E

| | | | |
|---|---|---|---|
| each | [iːtʃ] *pron.* | هەربىر | 9 |
| eager | [ˈiːgə] *a.* | تەشنا | 14 |
| ear | [iə] *n.* | قۇلاق | 17 |
| eighteen | [ˈeiˈtiːn] *num.* | ئون سەككىز | 9 |
| eler | [ˈeldə] *a.* | چوڭراق | 13 |
| eleven | [iˈlevn] *num.* | ئون بىر | 7 |
| English | [ˈiŋgliʃ] *n.* | ئىنگلىز تىلى | 6 |
| especialy | [isˈpeʃəli] *ad.* | بولۇپمۇ | 12 |
| even | [ˈiːvn] *ad.* | ھەتتا | 17 |
| evening | [ˈiːvniŋ] *n.* | كەچ | 6 |
| every | [ˈevri] *pron.* | ھەربىر | 10 |
| everybody | [ˈevribədi] *pron.* | ھەربىر كىشى | 14 |
| everything | [ˈevriθiŋ] *pron.* | ھەممە نەرسە | 14 |
| exhibition | [ˌeksiˈbiʃən] *n.* | كۆرگەزمە | 16 |
| eye | [ai] *n.* | كۆز | 17 |

# F

| | | | |
|---|---|---|---|
| factory | [ˈfæktri] *n.* | زاۋۇت | 10 |
| family | [ˈfæmili] *n.* | ئائىلە | 7 |
| famous | [ˈfeiməs] *a.* | داڭلىق | 10 |
| far | [fɑː] *ad.* | يىراق | 14 |
| father | [ˈfɑːðə] *n.* | ئاتا، دادا | 7 |
| February | [ˈfebruəri] *n.* | فېۋرال | 12 |



www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| few | [fjuː] *pron.* | ئاز | 16 |
| field | [fiːld] *n.* | ئېتىز | 12 |
| film | [film] *n.* | فىلىم | 10 |
| fine | [fain] *a.* | ياخشى | 15 |
| first | [fəːst] *num.* | بىرىنچى | 8 |
| floor | [flɔː] *n.* | پول، قەۋەت | 8 |
| flower | [ˈflauə] *n.* | گۈل | 11 |
| foot | [fut] *n.* (*pl.feet*) | پۇت | 16 |
| for | [fɔː] *prep.* | ئۈچۈن | 9 |
| foreign | [ˈfɔrin] *a.* | چەت ئەللىك | 9 |
| forest | [ˈfɔrist] *n.* | ئورمان | 17 |
| forget | [fəˈget] *vt.* | ئۇنتۇپ قالماق | 17 |
| four | [fɔː] *num.* | تۆت | 9 |
| French | [frentʃ] *a.* | فرانسىيىلىك | 13 |
| freshman | [ˈfreʃmən] *n.* | بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى | 9 |
| Friday | [ˈfraidi] *n.* | جۈمە | 11 |
| friend | [frend] *n.* | دوست | 13 |
| front | [frʌnt] *n.* | ئالدى | 8 |
| fruit | [fruːt] *n.* | مېۋە | 11 |

# G

| | | | |
|---|---|---|---|
| game | [geim] *n.* | ئويۇن | 14 |
| garden | [ˈgɑːdn] *n.* | گۈللۈك | 10 |
| gay | [gei] *a.* | خۇشال | 11 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| German | ['dʒə:mən] | *a.* | گېرمانىيىنىڭ | 13 |
| get | [get] | *vt.* | ئۆزگەرمەك | 12 |
| girl | [gə:l] | *n.* | قىز | 7 |
| glass | [glɑ:s] | *n.* | ئەينەك | 8 |
| go | [gəu] | *vi.* | بارماق | 7 |
| golden | ['gəuldn] | *a.* | ئالتۇن رەڭلىك | 12 |
| good | [gud] | *a.* | ياخشى | 6 |
| grain | [grein] | *n.* | ئاشلىق | 11 |
| grammar | ['græmə] | *n.* | گراماتىكا | 18 |
| grandchild | ['grændtʃaild] | *n.* | نەۋرە بالا | 14 |
| grandfather | ['grændfɑ:ðə] | *n.* | چوڭ دادا | 18 |
| grape | [greip] | *n.* | ئۈزۈم | 10 |
| grass | [grɑ:s] | *n.* | ئوت - چۆپ، چىملىق | 14 |
| great | [greit] | *a.* | ئۇلۇغ، چوڭ | 13 |
| green | [gri:n] | *a.* | يېشىل | 4 |
| ground | [graund] | *n.* | يەر | 17 |
| group | [gru:p] | *n.* | گۇرۇپپا | 14 |

**H**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| hair | [hεə] | *n.* | چاچ | 10 |
| half | [hɑ:f] | *n.* | يېرىم | 14 |
| hall | [hɔ:l] | *n.* | زال | 16 |
| hand | [hænd] | *vt.* | تاپشۇرماق | 16 |
| handwriting | ['hændraitiŋ] | *n.* | قول يازما | 18 |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| happy | ['hæpi] | *a.* | خۇشال، بەختلىك | 12 |
| hard | [hɑ:d] | *ad.* | تىرىشىپ | 7 |
| harvest | ['hɑ:vist] | *n.* | يىغىم | 12 |
| has | [hæz] | *vt.* | بار | 7 |
| have | [hæv] | *vt.* | بار | 6 |
| he | [hi:] | *pron.* | ئۇ (ئەرلەرگە) | 5 |
| heavenly | ['hevənli] | *a.* | جەننەتتەك | 14 |
| hello | ['hʌ'ləu] | *int.* | ۋەي، ياخشىمۇسىز | 15 |
| help | [help] | *vt.* | ياردەملەشمەك | 9 |
| her | [hə:] | *pron.* | ئۇنىڭ (ئاياللارغا) | 7 |
| hi | [hai] | *interj.* | ھەي، ياخشىمۇسىز | 14 |
| hide | [haid] | *vt.* | يوشۇرۇنماق | 17 |
| him | [him] | *pron.* | ئۇنى (ئەرلەرگە) | 13 |
| himself | ['him'self] | *pron.* | ئۆزى (ئەرلەرگە) | 17 |
| his | [hiz] | *pron.* | ئۇنىڭ (ئەرلەرگە) | 7 |
| historic | [his'tɔrik] | *a.* | تارىخىي | 10 |
| history | ['histri] | *n.* | تارىخ | 9 |
| home | [həum] | *n.* | ئۆي | 12 |
| home town | ['həum 'taun] | *n.* | يۇرت | 12 |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

| | | | |
|---|---|---|---|
| homework | ['həumwə:k] *n.* | ئائىلە تاپشۇرۇقى | 17 |
| hope | [həup] *vt.* | ئۈمىدلەنمەك | 4 |
| hospital | ['hɔspitl] *n.* | دوختۇرخانا | 10 |
| hot | [hɔt] *a.* | ئىسسىق | 11 |
| hour | ['auə] *n.* | سائەت | 14 |
| house | [haus] *n.* | ئۆي | 18 |
| how | [hau] *ad.* | قانداق | 9 |
| huge | [hju:dʒ] *a.* | بۈيۈك، زور | 14 |
| hundred | ['hʌndrid] *num.* | يۈز | 14 |
| husband | ['hʌzbənd] *n.* | ئەرى | 18 |

**I**

| | | | |
|---|---|---|---|
| I | [ai] *pron.* | مەن | 5 |
| if | [if] *conj.* | ئەگەر | 16 |
| important | [im'pɔ:tənt] *a.* | مۇھىم | 15 |
| in | [in] *prep.* | ـ نىڭ ئىچىدە | 7 |
| indeed | [in'di:d] *ad.* | ھەقىقەتەن | 17 |
| instrument | ['instrumənt] | ئەسۋاب | 15 |
| into | ['intu:,'intə] *prep.* | ئىچىگە، ـ كە | 17 |
| interesting | ['intristiŋ] *a.* | قىزىقارلىق | 14 |
| is | [iz] *v.* | بولسا | 3 |
| it | [it] *pron.* | ئۇ (نەرسىلەرگە) | 4 |
| its | [its] *pron.* | ئۇنىڭ (نەرسىلەرگە) | 10 |



**J**

| | | | |
|---|---|---|---|
| January | ['dʒænjuəri] *n.* | يانۋار | 12 |
| join | [dʒɔin] *v.* | قاتناشماق | 14 |
| June | [dʒu:n] *n.* | ئىيۇن | 12 |
| July | [dʒu'lai] *n.* | ئىيۇل | 12 |

**K**

| | | | |
|---|---|---|---|
| key | [ki:] *n.* | ئاچقۇچ | 5 |
| kite | [kait] *n.* | لەگلەك | 3 |
| knit | [nit] *vt.* | توقۇماق | 14 |

**L**

| | | | |
|---|---|---|---|
| lake | [leik] *n.* | كۆل | 14 |
| lamp | [læmp] *n.* | لامپۇچكا | 2 |
| language | ['læŋgwidʒ] *n.* | تىل | 9 |
| large | [lɑ:dʒ] *a.* | چوڭ | 10 |
| last | [lɑ:st] *a.* | ئەڭ ئاخىرقى | 12 |
| leaf | [li:f] *n.* | يوپۇرماق | 17 |
| League | [li:g] *n.* | ئىتتىپاق | 9 |
| lecture | ['lektʃə] *n.* | لېكسىيە | 10 |
| learn | [lə:n] *vt.* | ئۆگەنمەك | 15 |
| lesson | ['lesn] *n.* | دەرس | 6 |

| | | |
|---|---|---|
| letter | ['letə] *n.* | 8 خەت، ھەرپ |
| life | [laif] *n.* | 16 ھايات، تۇرمۇش |
| like | [laik] *vt.* | 8 ياخشى كۆرمەك |
| listen | ['lisn] *vi.* | 15 ئاڭلىماق |
| little | ['litl] *a.* | 13 كىچىك، ئاز |
| live | [liv] *vi.* | 13 تۇرماق، ياشىماق |
| long | [lɔŋ] *a.* | 10 ئۇزۇن |
| look | [luk] *vi.* | 17 قارىماق |
| lose | [lu:z] *vt.* | 18 يىتتۈرمەك |
| lot | [lɔt] *n.* | 10 كۆپ |
| love | [lʌv] *vt.* | 9 ياخشى كۆرمەك |
| lovely | ['lʌvli] *a.* | 14 سۆيۈملۈك |
| luck | [lʌk] *n.* | 17 تەلەي |
| lunch | [lʌntʃ] *n.* | 18 چۈشلۈك تاماق |

## M

| | | |
|---|---|---|
| magazine | ['mægə'zi:n] *n.* | 13 ژۇرنال |
| make | [meik] *vt.* | 13 ياسىماق، تەشكىللىمەك |
| man | [mæn] *n.* | 7 ئەر |
| many | ['meni] *pron.* | 8 نۇرغۇن |
| map | [mæp] *n.* | 8 خەرىتە |
| March | [mɑ:tʃ] *n.* | 12 مارت |
| mathematics | ['mæθi'mætiks] *n.* | 15 ماتېماتىكا |



| | | |
|---|---|---|
| May | [mei] *n.* | 12 ماي |
| meet | [mi:t] *vt.* | 14 ئۇچرىماق |
| meeting | ['mi:tiŋ] *n.* | 10 يىغىن |
| member | ['membə] *n.* | 9 ئەزا |
| middle | ['midl] *n.* | 13 ئوتتۇرا |
| mill | [mil] *n.* | 13 زاۋۇت |
| mistake | [mis'teik] *n.* | 18 خاتا |
| modernization | ['mɔdənai'zeiʃən] | 15 مودىرنىزم |
| Monday | ['mʌndi] *n.* | 11 دۈشەنبە |
| monitor | ['mɔnitə] *n.* | 6 سىنىپ باشلىقى |
| month | [mʌnθ] *n.* | 9 ئاي |
| mop | [mɔp] *n.* | 6 پول سۈرتكۈچ |
| more | [mɔ:] *pron.* | 16 تېخىمۇ كۆپ |
| morning | ['mɔ:niŋ] *n.* | 6 ئەتىگەن |
| most | [məust] *pron.* | 11 مۇتلەق كۆپ |
| mother | ['mʌðə] *n.* | 7 ئانا، ئاپا |
| mouth | [mauθ] *n.* | 17 ئېغىز |
| much | [mʌʃ] *pron.* | 13 كۆپ |
| musical | ['mju:zikəl] *a.* | 15 مۇزىكىلىق |
| must | [mʌst] *mod.v.* | 15 ... لازىم |
| my | [mai] *pron.* | 8 مېنىڭ |

## N

| | | |
|---|---|---|
| name | [neim] *n.* | 2 ئىسىم |
| narrator | [næ'reitə] *n.* | 17 بايان قىلغۇچى |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| near | [niə] *prep.* | ··· يېنىدا | 13 |
| nearby | ['niəbai] *ad.* | ··· نىڭ يېنىدا | 14 |
| nearly | ['niəli] *ad.* | ··· دېگۈدەك | 18 |
| need | [ni:d] *mod.v.* | موھتاج | 15 |
| never | ['nevə] *ad.* | ئەزەلدىن ئەمەس | 17 |
| new | [nju:] *a.* | يېڭى | 10 |
| newspaper | ['nju:speipə] *n.* | گېزىت | 13 |
| next | [nekst] *a.* | كېلەر، كېيىنكى | 12 |
| nice | [nais] *a.* | ياخشى | 12 |
| night | [nait] *n.* | كېچە | 6 |
| nineteen | ['nain'ti:n] *num.* | ئون توققۇز | 9 |
| no | [nəu] *ad.* | ياق | 4 |
| normal | ['nɔ:məl] *a.* | نورمال | 15 |
| nose | [nəuz] *n.* | بۇرۇن | 17 |
| note | [nəut] *n.* | خاتىرە | 16 |
| notebook | ['nəutbuk] *n.* | خاتىرە دەپتەر | 6 |
| November | [nəu'vembə] *n.* | نويابىر | 12 |
| now | [nau] *ad.* | ھازىر | 6 |
| number | ['nʌmbə] *n.* | نومۇر | 10 |
| nurse | [nə:s] *n.* | سېستىرا | 5 |

**O**

| | | | |
|---|---|---|---|
| October | [ɔk'təubə] *n.* | ئۆكتەبىر | 12 |
| of | [ɔv, əv] *prep.* | ··· نىڭ | 7 |
| off | [ɔf, əf] *ad.* | ئايرىلماق | 14 |



| | | | |
|---|---|---|---|
| office | ['ɔfis] *n.* | ئىشخانا | 14 |
| often | ['ɔfən] *ad.* | دائىم | 12 |
| oh | [əu] *interj.* | ئاھ | 13 |
| old | [əuld] *a.* | كونا، قېرى | 9 |
| on | [ɔn] *prep.* | ··· نىڭ ئۈستىدە | 7 |
| only | ['əunli] *a.* | بىردىنبىر | 14 |
| open | ['əupən] *vt.* | ئاچماق | 12 |
| oral | ['ɔ:rəl] *a.* | ئېغىزچە | 17 |
| other | ['ʌðə] *pron.* | باشقا | 9 |
| outing | ['autiŋ] *n.* | سىرتقا چىقىپ ئويناپ كېلىش | 14 |
| outside | ['autsaid] *prep.* | ـ نىڭ سىرتىدا | 18 |
| over | ['əuvə] *prep.* | ـ نىڭ ئۈستىدە | 10 |

**P**

| | | | |
|---|---|---|---|
| paper | ['peipə] *n.* | قەغەز | 16 |
| paragraph | ['pærəgrɑ:f] *n* | پاراگراف | 17 |
| park | [pɑ:k] *n.* | باغچا | 14 |
| part | [pɑ:t] *n.* | رول، بۆلەك | 9 |
| party | ['pɑ:ti] *n.* | پارتىيە | 9 |
| past | [pɑ:st] *prep.* | ئۆتمەك | 10 |
| pay | [pei] *vt.* | تۆلىمەك | 18 |
| peasant | ['pezənt] *n.* | دېھقان | 2 |
| pen | [pen] *n.* | قەلەم | 4 |
| pencil | ['pensl] *n.* | قېرىنداش | 4 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| people | ['pi:pl] *n.* | خەلق | 9 |
| performance | [pə'fɔ:məns] *n.* | ئويۇن | 16 |
| phone | [fəun] *n.* | تېلېفون | 8 |
| physics | ['fiziks] *n.* | فىزىكا | 7 |
| pick | [pik] *n.* | جوتۇ | 4 |
| picture | ['piktʃə] *n.* | رەسىم | 7 |
| place | [pleis] *n.* | جاي | 12 |
| plan | [plæn] *n.* | پىلان | 16 |
| plane | [plein] *n.* | ئايروپىلان | 3 |
| plant | [plɑ:nt] *n.* | زاۋۇت | 12 |
| please | [pli:z] *v.* | مەرھەمەت | 12 |
| pine | [pain] *n.* | قارىغاي دەرىخى | 14 |
| play | [plei] *vt.* | ئوينىماق | 14 |
| police | [pə'li:s] *n.* | ساقچى | 18 |
| policeman | [pə'li:smən] *n.* | ساقچى (ئەر) | 18 |
| poor | [puə] *a.* | بىچارە، كەمبەغەل | 18 |
| power | ['pauə] *n.* | كۈچ | 15 |
| practice | ['præktis] *n.* | مەشق | 15 |
| practise | ['præktis] *vt.* | مەشق قىلماق | 15 |
| pretend | [pri'tend] *vt.* | يالغاندىن بولۇۋالماق | 17 |
| professor | [prə'fesə] *n.* | پروفېسسور | 13 |
| put | [put] | قويۇش | 16 |



## Q

| | | | |
|---|---|---|---|
| quarter | ['kwɔ:tə] *n.* | چارەك | 10 |
| question | ['kwestʃən] *n.* | سوئال | 16 |
| quickly | ['kwikli] *ad.* | تېز، چاققان | 17 |
| quiet | ['kwaiət] *a.* | تىنچ | 16 |
| quite | [kwait] *ad.* | ئىنتايىن، بەك | 15 |

## R

| | | | |
|---|---|---|---|
| rain | [rein] *n.* | يامغۇر | 12 |
| read | [ri:d] *vt.* | ئوقۇماق | 8 |
| really | ['riəli] *ad.* | راستىنلا | 14 |
| receive | [ri'si:v] *vt.* | قوبۇل قىلماق | 10 |
| red | [red] *a.* | قىزىل | 4 |
| remember | [ri'membə] *vt.* | ئېسىگە ئالماق | 15 |
| report | [ri'pɔ:t] *n.* | دوكلات | 17 |
| rich | [ritʃ] *a.* | باي، مول | 11 |
| right | [rait] *n.,a.* | ئوڭ، توغرا | 7 |
| room | [rum] *n.* | ئۆي | 8 |
| round | [raund] *prep.* | ئايلانماق | 13 |
| ruler | ['ru:lə] *n.* | سىزغۇچ | 6 |

## S

| | | | |
|---|---|---|---|
| Saturday | ['sætədi] *n.* | شەنبە | 11 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| say | [sei] *vt.* | 15 | دېمەك |
| scenic | [ˈsiːnik] *a.* | 10 | مەنزىرىلىك |
| school | [skuːl] *n.* | 7 | مەكتەپ |
| season | [ˈsiːzn] *n.* | 9 | پەسىل |
| second | [ˈsekənd] *num.* | 15 | ئىككىنچى |
| seldom | [ˈseldəm] *ad.* | 12 | ئاندا ـ ساندا |
| send | [send] *vt.* | 18 | ئەۋەتمەك |
| sentence | [ˈsentəns] *n.* | 17 | جۈملە |
| September | [səpˈtembə] *n.* | 12 | سېنتەبىر |
| she | [ʃiː] *pron.* | 5 | ئۇ (ئاياللارغا) |
| short | [ʃɔːt] *a.* | 12 | قىسقا، پاكا |
| should | [ʃud] *mod.v.* | 15 | ··· لازىم |
| sight | [sait] *n.* | 14 | مەنزىر |
| sing | [siŋ] *vt.* | 14 | ناخشا ئېيتماق |
| sister | [ˈsistə] *n.* | 7 | ئاچا ـ سىڭىل |
| sit | [sit] *vi.* | 6 | ئولتۇرماق |
| site | [sait] *n.* | 10 | جاي |
| six | [siks] *num.* | 9 | ئالتە |
| slip | [slip] *n.* | 16 | تار پارچە |
| smile | [smail] *n.* | 17 | كۈلۈمسىرەش |
| snow | [snəu] *n.* | 11 | قار |
| so | [səu] *ad.* | 14 | مۇشۇنداق |
| some | [sʌm] *pron.* | 8 | بەزى |
| something | [ˈsʌmθiŋ] *pron.* | 17 | مەلۇم نەرسە |
| son | [sʌn] *n.* | 7 | ئوغۇل |
| song | [sɔŋ] *n.* | 11 | ناخشا |



| | | | |
|---|---|---|---|
| spade | [speid] *n.* | 4 | گۈرجەك |
| spelling | [ˈspeliŋ] *n.* | 18 | قوشۇپ يېزىش |
| spoon | [spuːn] *n.* | 6 | قوشۇق |
| spot | [spɔt] *n.* | 10 | جاي |
| spring | [spriŋ] *n.* | 11 | ئەتىياز |
| stand | [stænd] *vi.* | 6 | تۇرماق |
| steel | [stiːl] *n.* | 7 | پولات |
| still | [stil] *ad.* | 13 | يەنىلا |
| stop | [stɔp] *vt.* | 18 | توختىماق |
| store | [stɔː] *n.* | 10 | دۇكان |
| student | [ˈstjuːdənt] *n.* | 5 | ئوقۇغۇچى |
| study | [ˈstʌdi] *vt.* | 7 | ئۆگەنمەك |
| such | [sʌtʃ] *a.* | 13 | مۇشۇنداق |
| suddenly | [ˈsʌdnli] *ad.* | 17 | تۇساتتىن |
| summer | [ˈsʌmə] *n.* | 11 | ياز |
| Sunday | [ˈsʌndi] *n.* | 11 | يەكشەنبە |
| sunny | [ˈsʌni] *a.* | 12 | ئوچۇق |
| sunshine | [ˈsʌnʃain] *n.* | 14 | كۈن نۇرى |
| supper | [ˈsʌpə] *n.* | 16 | كەچلىك تاماق |
| surely | [ˈʃuəli] *ad.* | 17 | ئەلۋەتتە |
| surprise | [səˈpraiz] vt | 18 | ھەيران قالدۇرماق |

**T.**

| | | | |
|---|---|---|---|
| table | [ˈteibl] *n.* | 3 | ئۈستەل |

| | | | |
|---|---|---|---|
| take | ['teik] *vt.* | ئالماق | 13 |
| talk | [tɔ:k] *vi.* | سۆزلىمەك | 15 |
| tape – recorder | ['teipri'kɔ:də] | ئۈنئالغۇ | 8 |
| teach | [ti:tʃ] | ئوقۇتماق | 13 |
| teacher | ['ti:tʃə] *n.* | ئوقۇتقۇچى | 5 |
| telephone | ['telifəun] *vt.* | تېلېفون بەرمەك | 18 |
| tell | [tel] *vt.* | ئېيتىپ بەرمەك | 18 |
| test | [test] *n.* | سىناق | 13 |
| that | [ðæt] *pron.* | ئاۋۇ | 3 |
| the | [ði:, ðə, ði] *art.* | بۇ، ئۇ، ئۇلار | 6 |
| their | [ðɛə] *pron.* | ئۇلارنىڭ | 13 |
| them | [ðem] *pron.* | ئۇلارنى | 13 |
| then | [ðen] *ad.* | ئاندىن كېيىن | 12 |
| there | [ðɛə] *ad.* | ئۇ يەردە | 10 |
| they | [ðei] *pron.* | ئۇلار | 4 |
| thing | [θiŋ] *n.* | نەرسە | 17 |
| this | [ðis] *pron.* | بۇ | 3 |
| thirteen | ['θə:'ti:n] *num.* | ئون ئۈچ | 7 |
| those | [ðəuz] *pron.* | ئاۋۇلار | 4 |
| three | [θri:] *num.* | ئۈچ | 7 |
| throw | [ðrəu] *vt.* | تاشلىماق | 17 |
| Thursday | ['θə:zdi] *n.* | پەيشەنبە | 11 |
| tidy | ['taidi] *a.* | رەتلىك | 8 |
| time | [taim] *n.* | ۋاقىت | 10 |
| tired | ['taiəd] *a.* | چارچىماق | 18 |
| to | [tu:] *prep.* | ... گە، ... كە | 8 |



| | | | |
|---|---|---|---|
| today | [tə'dei] *n.,ad.* | بۈگۈن | 14 |
| together | [tə'geðə] *ad.* | بىللە | 18 |
| tomorrow | [tə'mɔrəu] *n.,ad.* | ئەتە | 10 |
| tonight | [tə'nait] *n.* | بۈگۈن كېچە | 16 |
| too | [tu:] *ad.* | بەك، ... مۇ | 17 |
| touch | [tʌtʃ] *vt.* | تەگمەك | 17 |
| tourist | ['tuərist] *n.* | ساياھەتچى | 10 |
| town | [tauə] *n.* | بازار | 12 |
| translate | ['trɑ:nsleit] *vt.* | تەرجىمە قىلماق | 17 |
| tree | [tri:] *n.* | دەرەخ | 14 |
| trouble | ['trʌbl] *n.* | ئاۋارىچىلىك | 13 |
| trust | [trʌst] *vt.* | ئىشەنمەك | 17 |
| Tuesday | [tju:zdi] *n.* | سەيشەنبە | 11 |
| turn | [tə:n] *vt.* | بۇرىماق | 12 |
| twenty – two | ['twenti'tu:] | يىگىرمە ئىككى | 9 |
| two | [tu:] | ئىككى | 7 |

## U

| | | | |
|---|---|---|---|
| under | ['ʌdə] *prep.* | ... ئاستىدا | 14 |
| university | [ˌju:ni'və:siti] *n.* | ئۇنىۋېرسىتېت | 10 |
| up | [ʌp] *ad.* | ... ئۈستىگە | 6 |
| use | [ju:z] *v.* | ئىشلەتمەك | 13 |
| useful | ['ju:sful] *a.* | كېرەكلىك | 13 |
| usually | ['ju:ʒuəli] *ad.* | ئادەتتە | 12 |